«جوڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА •



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

6

2004

ISSN 1008-6498

11>



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقىدىكى ئۇستاز مۇھەررىر، ھوسۇللۇق يازغۇچى ئەخەت ھاشىم ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز.

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىتابلىرى ۋە تەھرىرلىك ئەمگەكلىرى: «ياۋا سادىق»، «باھار مايسىلىرى»، «يالغانچى بىلەن كۆيۈمچى»(ھېكايىلەر توپلاملىرى)؛ «چاشقانلارنىڭ قايغۇسى»(ئىجادىي چۆچەكلەر توپلىمى)، «ئالجىغان يولۋاس»، «بۆدۇنە بىلەن سېغىزخان»(ئىجادىي مەسەللەر توپلاملىرى)؛ «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، «غىلىشغىلىك پاشا بىلەن [illegible]»، «كەشپىياتلار ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايىلەر»، «قورقۇنچاق»(توپلىغان چۆچەكلىرى [illegible])... نەشر قىلىنغان (بۇنىڭ ئىچىدە «قورقۇنچاق» بىلەن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» [illegible] تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» 1989 - يىلى تۈركىيەدە [illegible] قىلىنىپ [illegible] تۈركىيەدىن نەشر قىلىنغان)؛ «ئاپرال شاماللىرى»، «[illegible]»، «[illegible]»(ئەكتاب)، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»... قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق [illegible] مۇھەررىرى بولغان؛ ئاخىرقى قېتىم بېكىتكەن.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2004-يىل 6-سان

(ئومۇمىي 270-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### خانىم - قىزلار ساداسى

جەننەت ۋە جەھەننەم سەپىرى ……………… ھۆرنىسا مامۇت 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي…(ھېكايە) …… خ . ئىسرائىل 4

ئىككى ئايال………………(«») …… ت.ئۇ.تايماس 12

### «يۈرەكتىن يۈرەككە يول

سىلەرگە خەت ……………………… دىلئارام قۇربان 15

### بولغۇسى ئالىملىرىمىز نېمە دەيدۇ؟

توردىكى دىدارسىز پاراڭلار ……… ئابدۇقادىر جالالىددىن 18

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ………… ن.نۇرمۇھەممەت قاتارلىقلار 34

### روھ چۇقانلىرى

بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ………… يۈسۈپجان سەممەت ئەفىفى 57

### ئەدىبلەر چايخانىسى

داغدام يوللاردىكى كۆرۈنمەس داۋانلار …… م . راشىددىن 67

مۇقاۋىدا: سۇناي ساداسى، ئابلىزخوجا منىياز فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# جەننەت ۋە جەھەننەم سەيرى

ھۆرنىسا مامۇت

ۋاقىت كۆرۈنمەس پەنجىسى بىلەن ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان. سائەت ئىككىدە، بەشتە، سەككىزدە . . . ئۇ يەنە شۇ ۋاقىتقا يېتىشىۋېلىش بىلەن ئالدىراش. خىزمەت، يىغىن، پەردازخانا، كەچلىك بەزمىخانىلار ئۇنى ۋاقىتنىڭ مەيلىگە تاشلاپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى، پىكرى، ھېسسىياتىنى تىزگىنلىۋالغان. ئۇ مانا مۇشۇنداق ۋاقىت بىلەن ۋاقىت ئارىلىقىدا مېخانىك ھەرىكەت قىلىدىغان رېزىنكە قورچاق. ئۇنىڭ ھەممىلا جايدا ئورنى بار:

بىر-بىرىگە ناتونۇش ئادەملەر بىلەن تولغان ھەيۋەتلىك ئىشخانىلاردا، زامانىنىڭ زاھىر ۋە باتىن سەھنىلىرىدە، بەزمە-مەشرەپ، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئورنى بار. ئۇ يەنە ئېچىشۋازلىق، چېكىشۋازلىق سورۇنلىرىدىمۇ ئۆزىگە تەۋە ئورۇننى قولغا كەلتۈرگەن. جۈملىدىن زامانىنىڭ سەلتەنەتلىك يالتىراق تەختلىرىدىن تاكى بەتبۇي ئەۋرەزلىرىگىچە ئۇنىڭغا ئورۇن بېرىلگەن.

ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە پىكرىدە پايان يوقالغان، ئۇنىڭ پەرھىز، ئەخلاق، شەرم-ھايا، ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى يېرىم يالىڭاچ بەدەن، لاماكان مەنىۋىيەت، تىزگىنسىز ئەمەل، ھەتتاكى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان رەڭگى-رۇخسارى ئاستىغا دەپنە قىلىپ تاشلانغان.

ئۇ ئۆز جىنسىنىڭ ماھىيەتلىك مەناسىغا بولغان ئەقىدە-ئېتىقادىنى قايۋاقلاردىدۇر چۆرۈۋەتكەن، ھەتتاكى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر. ئۇ ئۆز پۈتۈنلۈكىنى ئۆز بىمەنىلىكى بىلەن قىياسلايدۇ. ئۇ گەرچە جاھالەتنىڭ قۇربانى بولمىسىمۇ، ئىلمى ئېزگۈ ئورۇقلارنى چېچىش ئۈچۈن ئەمەس، دەججالنىڭ ئىلمىدەك ئۆز-ئۆزىنى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنى گۇمرانلىققا باشلايدىغان ئاتالمىش قابىلىيەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، رەڭگارەڭ دەۋر قۇيۇنلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، ئۆز ھالاكىتىگەقاراپ كېتىۋاتقان، ھەرقەدەمدە ئوتتۇرۇش قىسمىتىگە دۇچار بولسىمۇ، غەپلەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقان ئازغۇن ۋە ساياق روھ.

ئۇ بىر ئايال، ئۇ سىز ۋە مەن.

ئاياللاردىكى بۇنداق روھىي ئازغۇنلۇق قەبىھ ۋە بۇزغۇنچى غەيرىي روھىيەت. ئۇنىڭ قەبىھلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزگىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

بۇنداق روھ ئەخلاق ۋە ئۆزلۈك رېلىسىدىن چەتنىگەن بولۇپ، زېمىن ۋە مۇھىت، پىكىر ۋە قەلبنى بۇلغايدۇ. ھايات چىمەنزارلىقىنى باياۋانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ يالتىراق سۆلىتى ۋە يوگەنسىز مەئىشىتى ئاجىز قەلب ئىگىلىرىنى ئۆزىگە ئاسانلا مايىل قىلىپ ئەگەشتۈرىدۇ. نىھايەت، بۇنداق قەلب ئىگىلىرى ھەر قەدەمدە پۈتلىشىپ تۇرۇۋېتۇ.

ئۆزىگە خاس ئەخلاق مىزانى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ چۆرۈپ تاشلىغان بۇ روھنى پەرىشتىلىكتىن ئېزىتقۇ ئالۋاستىلىققا قاراپ كېلىۋاتقان روھقا ئوخشىتىش

مۇمكىن . پەرىشتە بىلەن ئېزىتقۇنىڭ يول ۋە مەنزىلى ئەۋۋەلدىن مەلۇم .بۇنداق زەھەر تارقاتقۇچى ئېزىتقۇ روھنىڭ مەنزىلى جەھەننەم .

«جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا »دەيدۇ كونىلار .ئانا دېمەك ئايال دېمەك ،ئايال دېمەك ئانا دېمەك . ئايال مەھبۇب بولۇش سۈپىتى بىلەن تالاي قەھرىمان - ئەزىمەتلەرنى ۋۇجۇدقاچىقىرالايدۇ . ئانىلىق سۈپىتى بىلەن مىللەت ۋە مەئىشەتنىڭ مەنىۋى چېرتيوزى ۋە كەلگۈسىنى سىزىپ چىقالايدۇ .ئەگەر ئۇ تەبىئەت ئىنئام قىلغان بۇ كاتتا ۋە مۇشكۇل ھوقۇقتا چىن مەنىسى بىلەن مەسئۇل ۋە جاۋابكار بولسا ،مۇبارەك پەرىشتە سۈپىتى بىلەن ئۇز قەۋمىنى رېئال جەننەت يولىغا باشلىيالايدۇ .ئەكسىچە بولسا ، ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتسىز ساياقلىق ۋە بىپەرۋا ئاسىيلىق مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇلتاشتەك كۈچ-قۇدرىتىنى قۇمدەك پارچىلاپ ،قەدىرسىزلىك - خورلۇق زىندانىغا تاشلاپ ، ھالاكەتلىك يوقىلىش گىردابىغا باشلاپ بارىدۇ .ئايالنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان مەسئۇللۇقى شەخسكە بولغان مەسئۇللۇق بولماستىن ، يەنە بىر جىنسنىڭ غورۇرى ۋە جاسارىتى ، ئەۋلادلارنىڭ قىسمىتىگە بولغان مەسئۇللۇق . بۇلار بولسا جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچىلاردۇر .

شۇنداقلا ئايالنىڭ روھ سەپىرىمۇ شەخسنىڭ روھىي سەپىرى بولماستىن پۈتكۈل مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ روھىيەت سەپىرى ،غالىبلىق بىلەن مەغلۇبلۇق ،مەۋجۇدلۇق بىلەن ھالاكەتنى بەلگىلەيدىغان سەپەر .ئەپسۇس ، ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك شۇكى ، بىز يولىمىزنىڭ «بارسا كېلەر »ياكى «بارسا كەلمەس »يول ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمىز .بۇ ھەقىقەتلەر بىر بولسا كۆلكىلىك ۋە ئەخمىقانە ،بىر بولسا سىرتقى ئالەم ئۇچۇرلىرىدەك ناتونۇش ۋە چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ .ئېزىتقۇ ئالۋۇنلار ۋە تېخنىكىنىڭ قىيا-چىيالىرى ئېرۋىمىزنى تىزگىنلەپ ،كۆرۈپ تونۇش ،ئاڭلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم قىلغان .ئەسەبىي تاللىشىمىزنى قابىللىق ،زاماننىڭ

ئۆمرى كۆتە سوپۇن كۆپۈكىدەك رەڭدار بوياقلىرى بىلەن زىننەتلىنىشنى پەخىرلىك دەپ قارايمىز . خەشەكتەك قەدىرسىزلىك تىكەنلىرى تاپىنىمىزغا سانجىلغانداتەقدىرىمىزدىن ئاغرىنىمىز . ئۆز-ئۆزىمىزگە سوئال قويمايمىزكى ، ئۆز قىممىتىنى پېتىقلىۋەتكەنلەرگە يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولماقچىدى ؟

ئۆز قىممىتىمىزنى نوقۇل بىلىم ۋە ئەقىل ، نوپۇز ۋە سالاھىيەت ،بەزمە-مەشرەپ سورۇنىدىكى ماختاپ ئۇچۇرۇشلاردىن ئىزدىدۇق .ئەمما بىلىمدىن ئىبارەت كۆزۈق ،ئەقىلدىن ئىبارەت چىراغنى ئۆز مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن ۋاستە قىلدۇق .نوپۇز ۋە سالاھىيىتىمىز بولسا كىشىلەرنىڭ تەمەخورلۇق بىلەن ئېگىلىشلىرىدىن پۈتكەن ساختا تاج ،ئۆزىمىز ياساپ چىققان ناتونۇش سۈرەت ،بەزمە-مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى قىممەت - تاۋار قىممىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ئايالىق قىممىتىمىزنىڭ مەنىسى بولسا «مەن كىم ؟ »دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب - تارىخنىڭ يوشۇرۇن ئاپتورى ، «تەلىم-تەربىيە ساھىبى » ، «مىللەت كېلەچىكىنى قولىدا تۇتقۇچى »لىق سالاھىيىتىنى تونۇش ،قانداق تارىخ ، قانداق تەربىيە ، قانداق كېلەچەك يولىغا مېڭىش مەسىلىسىدىكى تاللاش ۋە بۇ تاللاشنىڭ زۇرۇر جەريانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىداكارلىقتا .

«يول ھەرخىل ،جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق ! گەپ قەلبىڭىزنىڭ كۆزى ،ئىرادىڭىزنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا ! »

(ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئارىفنامە » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2000-يىل 4-، 5-(قوشما )سان )

---

ئاپتور : پەيزاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا :ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى : قۇربان ماموت



# ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي

(ھېكايە)

**خالىدە ئىسرائىل**

مەن ئاننا مارىي بىلەن پويىزدا تونۇشتۇم. يېرىم كېچىدە ھاجەتخانىغا كېتىۋېتىپ قوشنا بۆلۈمچىنىڭ ئاستىنقى كارىۋىتىدا ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. پاھ، قالتىس چىرايلىق قىز ئىكەن، ئاخشام ئەجەب كۆرمەپتىمىنا، دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى.

كېيىن، پويىزنىڭ تار كارىۋىتىدا ئۇخلىيالماي ئۆيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتقىنىمدىمۇ خىيالىمغا ئاشۇ قىز كىرىۋالدى. ئۇ قارىماققا ئوقۇغۇچىدەك قىلىدۇ ياكى ساياھەتچىمىكىن؟ ساياھەتچى بولسا يات بىر ئەلدە ئۆزى يالغۇز يۈرمەس ئىدى. ياق، چەت ئەللىكلەرنى ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ. قايسىبىر يىلى گېرمانىيىلىك بىر يىگىتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئۆزى يالغۇز نەچچە ئاي ساياھەت قىلغانلىقىنى، يېنىدا پۇلى قالماي، ئاچلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن يىقىلىپ قالغاندا، يەرلىك دېھقانلارنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئۇلار بىزگە نىسبەتەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تويۇنغان خەلق. ئۆز تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ يىراق، ناتونۇش جايلارنى، ئۇيەرلەردىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى، يېڭى تەسىرات، يېڭى غىدىقلاشلارنى ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلىرى ياشاۋاتقان يەرشارىنى، ئىنسانلارنىڭ خىلمۇ خىل ياشاش شەكلى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

.. قانداقلا بولمىسۇن ساياھەت قىلىش ياخشى ئىش. شارائىتىم يار بەرسە مەنمۇ توختىماي دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرسەم، مۇئەللەقتىكى ئاشۇ ئوقۇرسىمان ئىشخانىلارنى، ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ سارغىيىپ كەتكەن چىرايلارنى، خۇنى قالمىغان كۆزلەرنى كۆرمىسەم...

پويىزنىڭ قاتتىق سىلكىنىپ، بېكەتكە كىرىپ كېلىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بىر كىچىك بېكەت ئىدى. غۇۋا چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان قوپقۇرۇق، تىنچ ۋوگزال سۈپىسى پويىزنىڭ توختىشى بىلەنلا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ چىقىپ پويىزغا قاراپ كېلىشتى. ئاق خالاتلىق ئورۇق ئايال لىققىدە يېمەك-ئىچمەك بېسىلغان بىر ھارۋىنى ئىتتىرىپ پويىزنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇياق-بۇياققا يۈگرىشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، چىرايلىرىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

بۇ ئالدىراشلىق ناھايىتى تېزلا بېسىقتى. پويىز قوزغالدى، بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغان ۋوگزالنى تاشلاپ يەنە قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئەمدىلىكتە ۋاگوندىكى بوش ئورۇنلار، دېرىزە يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقلار، ۋاگونلارنىڭ

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئارىلىقىدىكى ھەرچامدام بوشلۇق ئادەمگە تولدى. سۈلياۋ ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغان ۋاگوننىڭ ئىچى بىردىنلا دىمىق بوپكەتتى.

پويىز ھەقىقەتەنمۇ سۈلياۋ ئويۇنچۇققا ئوخشايتتى. سۈلياۋ تام، سۈلياۋ كارىۋات، سۈلياۋ ئورۇندۇق، سۈلياۋ شىرە، سۈلياۋ پەردە... پەقەت ئادەملا سۈلياۋ ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ھەممە يەرنى قاپلىغان خىمىيىۋى نەرسىلەر ئادەملەرنىڭ ئورگانىزمىنىمۇ ئۆزگەرتىپ ياساۋاتامدۇ تېخى. ھاۋا گەرچە ئاپتوماتىك تەڭشىلىپ تۇرسىمۇ، ئادەم خۇددى سۈلياۋ قۇتىغا سولىنىپ قالغاندەك بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئازراق بولسىمۇ ساپ ھاۋا، سالقىن شامال بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى-ھە. ئۇدۇلدىكى دېرىزىنى تۇسۇپ تۆت-بەش ئادەم ۋارقىرىشىپ قارتائويناۋاتاتتى. ئۇلار بۇيەردە ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ بار-يوقلۇقى، ئوخلاش-ئوخلىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغاندەك قىلاتتى.

تازا تىت-تىت بولۇپ تۇرسام، فورما كىيگەن پويىز خىزمەتچىسى كېلىپ، بوش ئاۋازدا: «باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا دەخلى يەتكۈزسەڭلار بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە چەت ئەللىك بىر يولۇچى بىئارام بولۇۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قۇتا دورا بار ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ يېنىمىزدىكى چەت ئەللىك قىز بىلەن پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— مانا بۇ دورىنى يەپ كۆرۈڭ، ئاشقازان ئاغرىقىغا بەك پايدا قىلىدۇ. توختاڭ، مەن قايناقسۇ ئەكېلىپ بېرەي.

چەت ئەللىك قىز پويىز خىزمەتچىسىنىڭ قىزغىنلىقىغا ئانچە پىسەنت قىلماي، ئۆلچەملىك بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا:

— ھە، مۇشۇمىدى، بۇ دورا مەندىمۇ بار، بايا يېگەنىدىم، تازا پايدىسى بولمىدى. سىلەردە بۇنىڭدىن ياخشىراق دورا يوقمۇ؟ — دېدى.

— بار ئىدى، تۈگەپ كېتىپتۇ. ھەراست، پويىز باشلىقىمىز ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ دورىلىرىنى ساقلايدىغان، سىز خاپا بولماي بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن پويىز باشلىقىدىن سوراپ باقاي.

پويىز خادىمى بىردەمدىن كېيىن ئۆزىدىن چوڭراق ئىككى كىشىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ، ئۆزلىرى ئەكەلگەن بىرنەچچە خىل دورىنى ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ ياخشى دەم ئېلىشىنى تاپىلاپ كېتىپ قېلىشتى. چىراغ ئۆچۈپ ۋاگون ئىچى بىردىنلا جىمىپ قالدى.

— بۇ قىز بىرەر مۇھىم شەخسمىدۇ؟ گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا نەزىرى ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن، — دېدى نېرىقى كارىۋاتتىكى سەپەرداشىم. قارىغاندا ئۇنىڭمۇ ئويغىنىپ كەتكىنىگە خېلى بولغاندەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە:

— ئادەم يول ئۈستىدە، بولۇپمۇ مۇشۇنداق يالغۇز سەپەرگە چىققاندا ئاغرىپ قالسىزە... — دېگىنىچە بېشىنى پۈركەپ ئۇيقۇغا چۈشتى. مەنمۇ ئۇنى دوراپ يېتىپ باقتىم، ئەمما يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. تېخى چۈشمۇ كۆرۈپتىمەن. ناھايىتى كۆپ ئادەملەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقىدەكمەن. نەرسە-كېرەكلىرىمنى تەييارلاپ بولالماي، پويىز كېتىپ قالىدىغان بولدى دەپ ئەندىشە قىلغۇدەكمەن. بۇ مەن دائىم كۆرىدىغان چۈش. سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدى-كەينىدە، سەپەر ئۈستىدە، بەزىدە ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ مەن بۇ چۈشنى تەكرار-تەكرار كۆرىمەن.

ئويغانسام ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. پويىزدىكى يېڭى بىر كۈن پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىدىن قىيا چۈشۈپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك قۇياش نۇرى، رادىئودا ئاڭلىتىۋاتقان يېنىك مۇزىكا، قول بىلەن ئىتتىرىدىغان ھارۋىدىكى رەڭگا رەڭ ئىچىملىكلەر بىلەن داغدۇغىلىق باشلىنىۋېتىپتۇ. نېمىشقىدۇر سەل-پەل ھاياجانلىنىپ قالدىم. يېڭى بىر كۈن - يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر كەچۈرمىش. ئادەمنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق يېڭى كۈنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ھەربىر كۈن قىممەتلىك. مەيلى ئۇ پويىزدا، ئايروپىلاندا ئۆتسۇن ياكى يىراق سەھرا يولىدا كالا ھارۋىسىدا ئۆتسۇن، مەيلى قار-يامغۇر ياغسۇن ياكى قۇياش پارلاپ تۇرسۇن...

يوغان ئەينەك قۇتىغا دەملەنگەن چاينى ئىچكەچ ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتقان سەپەرداشىم قولى بىلەن سۈلياۋ تامنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ:

— ئاخشامقى قىز ساپساق كۈلۈپ ئولتۇرىدۇ. سالام قىلسام ئىلىك ئالدى. قارىسام بىر يەرلىرى بىزنىڭ قىزلارغىلا ئوخشاپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇرمىدۇ-يا؟ دېدى.

— ئۇنداق بولسا گەپكە سېلىپ باقمامسىز، — دېدىم ئېرەنشىمەي.

قايناقسۇ ئالغىلى كېتىۋېتىپ قارىسام ئۇ قىز كىچىك چامادانىدىكى خىلمۇ خىل گىرىم بۇيۇملىرىنى كارۋاتقا يېيىپ قويۇپ، ئەينەككە قاراپ گىرىم قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇچىسىدا ئۆرە ياقىلىق يېشىل پوپايكا، ئەمدىلا ئۆسۈپ بېشىنىڭ تېگىنى ياپقان ساپسېرىق بۇدرە چاچلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۆتلۈك ئۇزۇنلۇقتىكى كىچىك بىر ئۆرۈم چېچى ئارقىسىدىن قارىغاندا ئۇنى كەپسىز ئوغۇل بالىغا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. قايتىپ كەلگىنىمدە سەپەرداشىمنىڭ ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم:

ـ سىز ئۇيغۇرمۇ ؟ قايەردىن كېلىۋاتىسىز . ئىسمىڭىز نېمە ؟

چەت ئەللىك قىز مۆرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ « NO-NO »دېدى ۋە ئىككى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈردى .

سەپەردىشىم بايىقى سوئالىنى خەنزۇچە سورىغىنىدا ،قىز سەل ئىككىلەنگەندەك قىلىپ ، خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا :

ـ مەن ياۋروپالىق ،ئىسمىم ئاننا مارىي ، ـ دەپ جاۋاپ بەردى ۋە دەرھال يانچۇقىدىن يۇمشاق قەغەزگە باستۇرۇلغان ئىسىم كارتوشكىسىنى ئېلىپ ئىككىمىزگە بىردىن سۇندى . ئىسىم كارتوشكىسىدا ئۇ مەلۇم بىر چوڭ شەھەردىكى «ھاۋاي كېچىسى ئويۇن قويۇش ئۆمىكى»نىڭ باشلىقى دېيىلگەنىدى .

ـ شىنجاڭغا ساياھەت قىلغىلى ماڭدىڭىزمۇ ؟

ـ ياق ، ئارتىس قوبۇل قىلغىلى . ئاڭلىسام شىنجاڭلىقلار ناخشا-ئۇسسۇلغا بەك ماھىر ئىكەن .

ـ شۇنداق ،شۇنداق ، ـ دېدۇق تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ۋە ئىختىيارسىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق . قىز ئويناق يېشىل كۆزلىرى بىلەن ئىككىمىزگە «لەپپىدە»بىر قارىۋېتىپ ،ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك تاماقنى تېخى يېمىگەنلىكىنى ،قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى .گەپدان سەپەردىشىم ئۇنىڭغا پويىز تاماقخانىسىدا ئەتىگەندە قانداق تاماقلارنىڭ بارلىقىنى ،چۈشتە قانداق قورۇمىلارنى بۇيرۇتسا ، كەچتە نېمە يېسە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگىلى تۇرغاندا قىز ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىنتايىن قىزىقىسنغان ھالدا ئاڭلىدى ۋە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە تاماقلىرىدىن يەپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى .

ـ ئۇنداقتا ،پولۇ ،پېتىر مانتا ياكى كاۋاپ يېسىڭىز بولاتتى ، لەڭمەنمۇ بولىدۇ ،بىراق پويىزدا ئۇنداق تاماقلار يوق .ئۇنى پەقەت شىنجاڭغا بارغاندىلا يېيەلەيسىز .

قىز چۈشىنىكسىز تىلدا بىرنېمىلەرنى دەپ مۆرىسىنى قىسىپ قويدى . ئارقىدىن خەنزۇ تىلىدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بىزنى تاماقخانىغا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى . بىز ئۆزرىخالىق ئېيتىپ ،ئاخىرقى توقاچلىرىمىز بىلەن ناشتا قىلدۇق .

پويىز تاغلىق رايوندا كېتىۋاتاتتى . تۆمۈر يولنى بويلاپ سوزۇلغان ئېدىرلىقلار گاھ يىراقلاپ كەتسە ، گاھ قول ئۇزارتسىلا يەتكىدەك يېقىنلاپ كېلەتتى . پويىز ھېلىدىن ھېلىغا غارقىراپ تونىللاردىن ئۆتەتتى .

ئېسىمدە قىلىشىچە ،بۇنىڭدىن 20نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ ئەتراپتىكى توپا تاغلاردا يەرلىك دېھقانلار ياشايدىغان ئۆڭكۈر ئۆيلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . بۈگۈن ھەرقانچە سىنچىلاپ قاراپمۇ بۇنداق ئۆڭكۈرلەرنى ئۇچرىتالمىدىم . توپا تاغلارنىڭ ئۈستىگە ئالقاندەك يەرنىمۇ ئالا قويماي بۇغداي تېرىلغان . دېكابىردىمۇ ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرى كۆزگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . پويىز دېرىزىسىدىن تاغ باغرىلىرىغا سېلىنغان خىش ، كاھىشلىق ئۆيلەر ،زاۋۇت بىنالىرى ،تۇرخۇنلار ھېلىدىن ھېلىغا «يالت»قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ .

توپا تاغلار بارا-بارا پاكارلىشىپ ،كەڭ تۈزلەڭ يەرلەر ،ئېتىزلار قۇچاق ئاچتى .ئېتىز-ئېرىق ، يول بويلىرىدىكى ئېگىز ئايىنىغان ئاپلىسىن ،مانگو دەرەخلىرىنىڭ قۇرۇق شاخلىرى بوشلۇقتا توردەك يېيىلىپ تۇراتتى .دالىلاردا قوي-كالىلار تىپتىنچ ئوتلاپ يۈرۈشەتتى . توساتتىن ھەيۋەتلىك گۈدۈك ئاۋازى بىلەن تەڭ شەرققە ماڭغان بىر پويىز يېنىمىزدىن غارقىراپ ئۆتۈپ كەتتى .ئۇ سۈرئىتى ۋە شاۋقۇنى بىلەن گويا بىزنى ئورنىمىزدا قاتۇرۇپ قويغاندەك بولدى .بۇ تۇيغۇ بىرپەس داۋاملىشىپ ، بارا-بارا ھەممە ئەسلىگە كەلدى .يەنە شۇ ئېتىز - دالىلار ،دەرەخلەر ،ئوتلاۋاتقان قوي-كالىلار ،پات-پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان قەۋەتلىك ،قەۋەتسىز ئۆيلەر . . .

كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغاچقىمۇ ، ھارغىنلىق ھېس قىلىپ ھېچ نەرسىنى ئويلىماي بىردەم يېتىشقا تىرىشتىم .بىراق پويىز چاقىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلغاندىكى بىرلا خىل ،توختىماس ئاۋازى كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا كۆچىيىپ ئاجايىپ يېقىندىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك ،گويا ئىچىمگە كىرىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ باشلىرىم چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى .مەن بىردىنلا پويىزدا ئادەمنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتتۈرىدىغان نەرسىنىڭ مۇشۇ ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم .توغرا ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۇنى ئويلىماسلىق . دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .سەپەردىشىم تار كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقىغا كەتكەنىدى .قوشنا بۆلۈمچىدىكى چەت ئەللىك قىزمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇدۇلدىكى دېرىزىدىن تارغىنە يوچۇق ئېچىپ ،شالقىن شامالدىن نەپەسلىنىپ بىر پەس تۇردۇم-دە ،يۈزۈمنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇپ كەلمەكچى بولدۇم .

سۇخانىدا ھېلىقى چەت ئەللىك قىز دېرىزە تەرەپكە قاراپ يانفونىدا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى .يۈزۈمنى يۇيۇۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ئۆلچەملىك خەنزۇچە سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى .مەن ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى بۇنچە پىششىق ئۆگىنىۋالغانلىقىغا باشتىلا ھەيران قالغانىدىم . كۈتمىگەندە ،تېخىمۇ ھەيران قالغىدەك ئىش يۈزبەردى . ئۇ خەنزۇچە سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا «ۋىيەي ، قوۋۇرغامنى ئەگمىگىنە ئاداش ،قالغان گەپلەرنى مەن بارغاندا بىرنېمە دېيىشەرمىز ، خوش ئەمىسە ! »دېدى .ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ جەنۇبتىكى قايسىبىر يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا ئىنتايىن ئۆلچەملىك سۆزلىدى.

تۇساتتىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇ سەل ھودۇقتاندەك بولدىيۇ، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ماڭا قاراپ كۈلدى. شۇ تاپتا ئالدانغىنىمنۇ ئەمەس، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى قانداقتۇر بىر ئىپادە ھۇزۇردە ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەندى. گەپ-سۆزسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم. ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا، ئۇمۇ كەينىمدىن كەلدى.

— خاپا بولماڭ ئاچا، خاپابولماڭلار، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار بەك مۇرەككەپ، مەنمۇ شۇنداقلارغا چېتىلىپ قالماي دەپ چەتئەللىك بولۇۋالغانتىم. قارىسام، سىلەر ياخشى ئادەملەر ئىكەنسىلەر...

يېڭىلا ئويغانغان سەپەردىشىم ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئاخىرى ئاغزىنى ئۆمەللەپ:

— ئۇنداق بولسا، سىز... ئۇيغۇرمۇ؟ ئىسمىڭىز...؟

— ھەئە، مەن ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمىم ئانارگۈل. يېڭى بارغان ۋاقتىمدا ئۇ يەردىكىلەر ئىسمىمنى ئۇزۇن كۆرۈپ ئاننا دەپلا چاقىرىشاتتى، كېيىن خوجايىنىم... ياق، مۇئەللىمىم ئاننا مارىي دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن.

— مۇنداق دەڭ... سىز ئۇششەھەرگە قانداق بېرىپ قالغانتىڭىز؟

ئاننا مارىي بىردەم نېزىقاپ باقتىيۇ، يەنىلا بىزنىڭ ئەڭ زېرىكمەي ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالدى بولغاي، سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

مەن جەنۇبتىكى چەت بىر ناھىيىدە نامرات خىزمەتچى ئائىلىسىدە چوڭ بولدۇم. بىزيەتتە قىز، بىر ئوغۇل ئىدۇق. مەن قىزلارنىڭ كىچىكى ئىدىم. دادامنىڭ ئازغىنە مائاشى بىر ئائىلىدىكى ئون نەچچە جاننىڭ قورسىقىمىزغا ئارانلا يېتەتتى. شۇڭا كىچىكىمىزدىن تاپقاننى يەپ، كونا كىيىملەرنى ئۇرۇپ، ياماپ، چوڭلىرىمىزدىن ئاشقاننى كىچىكلىرىمىز كىيىپ غۇربەتچىلىكتە چوڭ بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا-ئانام كونىچە ئادەملەر ئىدى. قىز بالا دېگەن خەقنىڭ ئادىمى دەپ ئاچىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنى ئوقۇتماي ئەرگە بېرىۋېتەكەندى. ئۇلار پەقەت ئاكامنىلا ھەقىقىي ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ياخشىراق بىرنەرسە تاپسا، ئۆزلىرىمۇ يېمەي تىقىشتۇرۇپ شۇنىڭغا ساقلاپ بېرەتتى. «ئۇ دېگەن ئوغۇل بالا، خەقنىڭ ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالسا بولمايدۇ» دەپ ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرەتتى، قولىغا خەجلىگىلى پۇل بېرەتتى. تېخى مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقانىدى. ئەمما ئاكام مەكتەپتە توزۇك ئوقۇماي، باشلانغۇچ مەكتەپنى چالا پۈتتۈرۈپلا بازاردىكى بىر داڭلىق تىككۈچىگە شاگىرت بولدى. «ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسام بېلىم ئاغرىيدىكەن» دەپ ئۇ يەردىمۇ ئۇزاق ئىشلىمەي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئانام بىلەن دادام ئاخشاملىرى قارا چىراغ يورۇقىدا پارىڭلىشىپ ئولتۇرغىنىدا (بىزنىڭ بۇيەردە داۋاملىق توك توختاپ قالاتتى) ئازراق پۇل يىغىپ، ئاكامغا بىر بوتكا دۇكان ئېچىپ بېرىشنىڭلا ئارمىنىنى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كونا قۇراق يوتقاندا تۈگۈلۈپ يېتىپ مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالارمۇ دەپ قورقاتتىم. مېنى ھەممىسى چىرايلىق ھەم ئەقىللىق دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇغانىدىم. ئۇسسۇل ئويناشنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئاتا-ئانام مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالمىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ۋىلايەتتىكى دارىلمۇئەللىمىننىڭ سەنئەت سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. مىڭبىر جاپادا ئوقۇشنىمۇ پۈتتۈردۈم. ئەمما دادام مېنى ناھىيە ئىچىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالمىدى. يىراق يېزىلارغا بولسا ئەۋەتكۈسى كەلمىدى. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئاخشاملىرى دوستلىرۇمنىڭ چاي-ئولتۇرۇشلىرىغا بارسام، ئانام: «قىز بالا دېگەننى بالدۇر ئەرگە بېرىۋەتمەي ئوقۇتۇپ نېمە قىلىمىز! مانا ئەمدى خىزمەتمۇ يوق، ئالىدىغان ئەر تېخى يوق. مۇشۇنداق يۈرۈپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويسا نى ئات، نى نومۇس» دەپ تاپا-تەنە قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. بالدۇرراق ئۆيدىن ئايرىلىپ بۇ گەپلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، نېمە قىلسام مەيلىتى، دەپ كېتەتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرىمان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ:

«ئىچكىرىدىكى بىر چوڭ شەھەردىن ئارتىس ئالىدىغانلار كەپتۇ، ئۇ يەرگە بارساق پۇل دېگەننى سوزۇپلا ئالىدىكەنمىز. ئىككىمىز بېرىپ تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقايلى جېنىم ئاداش» دېدى. شۇ ھامان باردۇق. ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ كىشى بىلەن چاچلىرىنى سېرىق بويىۋالغان بىر ئۇيغۇر ئايال بىزدىن ئىمتىھان ئالدى. راستىنى ئېيتقاندا، تولاراق چىرايىمىز، بەدەن تۈزۈلۈشىمىز، قول-پۇتىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەكشۈردى. ئانچە-مۇنچە ئۇسسۇل ئويناتتى، ناخشا ئېيتقۇزۇپمۇ باقتى. بىر ئىشكتىن كىرىشىمىزگىلا ھېلىقى خەنزۇ ئەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەندى، كېيىن ئۇ بىزنى كۆرسىتىپ ئايالنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، ئايالمۇ بىزگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىزنى ياقتۇرغانلىقىنى شۇ چاغدىلا سەزگەنىدىم. دېگەندەك ئەتىسى ئەركىشى بىلەن ئايال بىزنىڭ ئۆيگەكېلىپ مېنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى، توختام تۈزۈشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئانام مېنى «ئىچكىرىگە پالانى ئىش قىلغىلى بارماقچىمىدىڭ» دەپ تىللاپ، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. دادامنۇ تامدەك تاتارغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ئولتۇرۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇنداق قىلىپ

ئەتىسى نۇرىمان ئىككىمىز ئۇلار بىلەن ئۆز ئالدىمىزغا توختام تۈزۈپ، ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ئۇقتۇرماي ئىچكىرىگە مېڭىپ كەتتۇق. مەن ئۇلارنىڭ يىغلاپ-قاقشايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ بۇنداق قىزىمىز يوق دەپ داۋراڭ سالىدىغانلىقىنى، بىرەر يىلغا بارا-بارماي ھەممىنى ئۇنتۇپ مېنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئۈرۈمچىدە ئېگىز بىنالارغا تولا قاراپ ھەيرانلىقتىن ئېغىزىمىز چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغانىدى. ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن بىرەر ئايغىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ يۈردۇق. ھەممە يەرنى قاپلىغان يېشىللىق، گۈل، فونتان، ئاجايىپ ئىمارەتلەر، ئىسسىق بەلباغ دەرەخلىرى ئارىسىدىكى خىيابان يوللار بىزگە جەننەتتەك كۆرۈندى. راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا نۇرىمان ئىككىمىز ئاشۇ تۇپراقنىڭ يۇرتىمىزنى بۇيەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق يەردە تۇغۇلۇپ قالغاندىمىز» دېيىشىپ كەتكەندۇق.

ئۇلار بىزنى شەخسلەر ئاچقان بىر سەنئەت مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇيەردە بىز چەت ئەللەرنىڭ خىلمۇ خىل ئۇسسۇللىرى، تانسا، دىسكو، زامانىۋى ئۇسسۇللاردىن تارتىپ كىيىم مودېللىقى، مېھمان كۈتۈش، ھۆسن تۈزەش قاتارلىقلارغىچە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە نۇرىمان جىمجىتلا مەكتەپتىن غايىب بوپكەتتى. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇنىڭ بويى پاكارراق بولغاچقا مەكتەپكە يارىماپتۇ، شۇڭا كېچىلىك بەزمىخانىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ نۇرىمانغا ئىچىم ئاغرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ تەلەيلىكلىكىمدىن سۆيۈندۈم . . . مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ماشى يۇقىرىراق بىرەر يەرگە ئورۇنلاشسام، تۇنجى قېتىملىق ماشىمنى ئۆيگە ئەۋەتىپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈككۈپمۇ قويدۇم. ئوقۇش يىلى ئاياغلىشىش ئالدىدا دوكلات يۈزىسىدىن ئويۇن قويدۇق. ئويۇنىمىزنى ناھايىتى كۆپ ئادەم كۆردى. زالدا توختىماي ئالقىش ياڭراپ تۇردى. بىر قېتىمقى نومۇردا ئوتتۇردا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، بىزنى يۇرتتىن ئەكەلگەن ئەركىشىنىڭ يېنىدىكى خوجايىن سۆھبەت يەنە بىرسىگە مېنى كۆرسىتىپ بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. خوجايىن سۆھبەت كىشى شۇ ئويۇندىن كېيىن مەكتەپكە پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان بوپقالدى. ئۇ، يولنىڭ چېتىدە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ يوشۇرۇنچە مېنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇمغا سەپ سالاتتى. بەزىدە ئاشخانىدا تاماق يېگەچ يىراقتىن مېنى كۆزىتەتتى. ئۇ سەل نېرىدا كەشتىلىك داستىخان سېلىنغان ئايرىم ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. مۇشۇ ئىشلار

بىلەن بىللە ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. تامىقىمنىڭ سۈپىتى ئالاھىدە ياخشىلانغاندىن سىرت يوتقان-كۆرپە، ياتىقىمنىڭ دېرىزە پەردىلىرىگە قەدەر يېڭىلاندى. دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈل قاچىسىغا كۈندە يېڭى گۈللەر چىلاپ قويۇلىدىغان بولدى. مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىدىن تارتىپ تازىلىق ئىشچىلىرىغىچە مېنى كۆرسە ئاغزىدىن قەن تامدۇرۇپ ئەھۋال سورىشاتتى، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشاتتى. بىر دەم ئېلىش كۈنى ياتاقدىشىم شىياۋفەن مېنى «مېك دونالد تامىقى» يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. «پاھ، بۈگۈن نېمانچە مەرد بوپكەتتىڭ؟» دېسەم: «پۇل دېگەننى خەجلەيدىغان يەردە خەجلەش كېرەك، بولمىسا ئۇنى نېمىدەپ تاپىدۇ» دەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. بىز ئۆيەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشىمىزغا يېنىمىزغا ئىككى ئەر كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى دەل ھېلىقى خوجايىن سۆھبەت كىشى ئىدى.

شىياۋفەن: «ئاننا، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەڭ چوڭ خوجايىنى مانا مۇشۇ لى ئەپەندى بولىدۇ، ئۇ شەھىرىمىزدىكى كاتتا ئەرباب. ئىككىڭلار ئالدىرىماي تونۇشۇۋېلىڭلار، بىز چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى» دەپ يەنە بىر ئەر كىشى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئىككىمىز قالدۇق، پاراڭىمىز تازا قولاشمىدى. قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ بارلىق ئەھۋالىمدىن خەۋەرداردەك قىلاتتى. ئاتا-ئانامنى، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، بىر تۇغقانلىرىمنى، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قانداق قىلىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ ئادەم كۆزۈمگە بەكلا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئۇ مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. سىرتتا زوڭتۇڭلار ئولتۇرۇدىغان «مىرسىدىس» تىن بىرسى تۇراتتى. ئۇ پىكاپنى شەھەر سىرتىغا ھەيدەپ، «بۈگۈن كېچىچە پىكاپتا سەيلە قىلايلى، مېنىڭ سىزگە نۇرغۇن گەپلىرىم بار» دېدى. مەن «بالدۇرراق قايتمىسام بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدىم. شۇ كۈنى ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا ئائىلە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزى شەھەرلىك ئاكسىيە شىركىتىنىڭ لىدېرى ئىكەنلىكى، دادىسى ئۆلكە دەرىجىلىك چوڭ كادىر، بىر تاغىسى مەن تۇرغان شەھەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنلىكى، ئىلگىرى بىر رۇس قىزى ئۆزى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ يۈرۈپ، توي ئالدىدا ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلىنى ئېلىپ غايىب بوپكەتكەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە يېقىنلاشماقچى بولغان ئاياللارغا ئىشەنمەس بوپكەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە:

— مەن پەرىشتىدەك گۈزەل ھەم ئاق كۆڭۈل بىر قىزنى ئۇچراتتىم. ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغىمۇ، مال دۇنيارىمغىمۇ پىسەنت قىلىپ قويمايدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن ھەم ئۇنىڭغا

ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازىمەن، - دېدى... ئاننا سۆزلەپ شۇيەرگە كەلگەندە قىسقا چاچلىق بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ بىر پەس جىم بوپكەتتى. ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتامدىكىن، ياكى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇش - داۋاملاشتۇرماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ دىلىغۇل بولۇۋاتامدىكىن.

ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. مەن ئۇنىڭ خۇشپىچىم گەۋدىسىدە نازاكەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمىلاق بېشىغا، ساغۇچ قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى زۇمرەتتەك ئېسىل كۆزلىرىگە، ھەربىر تېلى تۈۋىنگىچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋدىغان ئەگمەك كىرپىكلىرىگە، سۇزۇك ئۆگىدە غۇنچىدەك چاقناپ تۇرغان تولۇق لەۋلىرىگە يان تەرەپتىن قاراپ ئولتۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سەھرالىرىدا قىزىل گۈللەر ئارىسىدىكى سېرىق سەبدەدەك شۇنداق ساپ ھالىتىدە ئۇچراپ قالىدىغان سەپكول يۈز «پىروزا كۆز»لەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئاننا - ياق، ئانارگۈل ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى.

- شۇنداق قىلىپ ئاشۇ لى ئەپەندى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدىڭىزمۇ؟

- دەسلەپتە قوشۇلمىدىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىۋەردى. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىنمۇ بىر خىل بېسىم ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ياتاقداشىم شياۋفەن دائىم: «ھەي ئاننا، بۇ ساڭا كەلگەن بىر پۇرسەت، قولدىن بېرىپ قويساڭ ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىسەن... نۇرىماننىڭ قانداق بولغىنىنى بىلەمسەن؟» دەيتتى. «نۇرىمان نېمە بولدى، ئۇ نەدە زادى؟» دەپ سورىسام گەپنى يوپۇتۇپ ئېنىق جاۋاب بەرمەيتتى. دېمىسىمۇ مەن بۇلارغا كىكىردىكىمگىچە قەرز ئىدىم. بۇلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالسام بۇ يات شەھەردە قانداق جان باقىمەن دەپ قورقاتتىم. بەزىدە قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلايتتىم، لېكىن قاچالماسلىقىمنى بىلەتتىم.

مەن خىياللىرىمنى بىر باشقا ئاچچىقالماي غەم-قايغۇدىن ئاغرىپ قالدىم. خوجايىن مېنى ئالاھىدە ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھالىمدىن ئىنتايىن ياخشى خەۋەر ئالدى. شۇ كۈنلەردە مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئاتا-ئانامدىن تويۇقسىز خەت كەپقالدى. خەتتە ئاتا-ئانام مەن ئەۋەتكەن ئۇنىمىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، مەندەك بىر ۋاپادار قىزىدىن نەقەدەر رازى بولغىنىنى يېزىپتۇ. ھاڭ-تاڭ قالدىم. مەندە ئۇنىمىڭ يۈەن نېمىش قىلسۇن؟ بۇمۇ خوجايىننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

مەن دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى خوجايىن مېنى پىكاپ بىلەن شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدىكى ياۋروپاچە تاماقخانىغا ئاپاردى. كۈتكۈچى خېنىمنىڭ باشلىشى بىلەن 2-قەۋەتتىكى زالغا كىرىشىمىزگە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ئالدىمغا چىقتى. ئىككى ئەر كۈتكۈچى ئەتىر گۈللەر ئارىسىغا ئىسمىم يېزىلغان قەۋەتلىك چوڭ تورتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مەن 20تال شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋاتقىنىمدا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پىلدىلداپ تۇرغان ئاللىقانداق ئەسلىمىلەرمۇ بىر-بىرلەپ ئۆچكەندەك بولدى. راست، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. بۇ كۈننى يىراقتىكى ئاتا-ئاناممۇ ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، ئەمما مەن بۈگۈن ئاجايىپ بىر دۇنيادا، راھەت-پاراغەت، خۇشاللىق ئىچىدە قايتا تۇغۇلدۇم. ئۆتمۈش، يىراقتىكى چەت ناھىيە، دائىم ئەرلىرىدىن تاياق يەپ نۆۋەت بىلەن يامانلاپ كېلىدىغان ئاچىلىرىم، جاپاكەش يەتتە قىزنىڭ كەنجىسى - بىچارە، نامرات كول قىز... ھەممە، ھەممە غايىب بولدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى خوجايىن مېنى شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جايغا سېلىنغان پۇلدارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي رايونىغا ئاپاردى. قاتار كەتكەن ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى داچىلارنىڭ بىرى ئالدىدا پىكاپنى توختىتىپ يىپيېڭى بىر تىزىق ئاچقۇچنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. بۇ مەندەك بىر قىز چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئاجايىپ ئۆيلەر ئىدى... شۇنداق قىلىپ... ئۇنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلدۇم.

ئاننا مارىي يەنە بىر قېتىم سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇ چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى. سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى باشقابىرسىنىڭ ھېكايىسىدەك شۇنچە ھېسسىياتسىز، سوغۇققان ئىدى. بۇ سوغۇققانلىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ چىرايىغا ئۆزگىچە جەلپكارلىق، سېھرىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇ كەلگۈندەك يامراپ، باشلار ئېغىرلىشىپ، كۆزلەر يۇمۇلۇشقا باشلىغاندا ئاننا مارىينىڭ يانفونى تەخىرسىز سايراپ كەتتى. يانفوندىن ياش ئايالنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

- ئانارگۈل، ھەي ئانارگۈل، ئۇرۇمچىگە چۈشەمسەن ياكى داخېيەندىن ئۇدۇل كېتىۋېرەمسەن؟

ئاننا مارىينىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىدە يىرگىنىچ ئەكس ئەتتى:

- قويە ئۇ ئۇرۇمچىنى! نېمىدېگەن مەينەت، نېمىدېگەن قالايمىقان شەھەر ئۇ. مەن ئۇرۇمچىدە بىر كۈن تۇرسام ئىچ-ئىچىمگە ئىس-تۈتەك تولۇپ كەتكەندەك بولىمەن. سەن بارغۇ ئاداش، ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىدىن ياتاق ئېلىپ قوي. بىزنىڭ ئۆيەردە يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلار باردۇ؟

- ...

سەپەردىشىم ماڭا مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ يەنە سورىدى:

- شۇنداق قىلىپ ئاشۇ لى خوجايىن بىلەن توي

قىپسىزدە، ئۇنداقتا ئۆيىڭىزدىكىلەرچۇ، ئۇلار نېمە دېدى؟

— ئۆيدىكىلەر نېمە دەيتتى، دەسلەپتە بىزنىڭ سەندەك قىزىمىز يوق دەپ تىللاپ — قارغاپ خەتلەرنى يېزىشتى. بىرنەچچە يىل مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر كۈنلەردە ئىككىنچى ئاچامدىن خەت كەپقالدى. ئۇ، ئاچا-سىڭىللىرىمنىڭ ئىچىدە ماڭا ھەممىدىن ئامراق ئىدى. خېتىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى بەك سېغىنغانلىقىنى، ئانام گەرچە ئاغزىدىن چىقىرالمىسىمۇ دائىم سۈرىتىمگە قاراپ كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى، دادامنىڭمۇ مېنىڭ دەردىمدە ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىكىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا ئاكامنىڭ تۇيۇقسىز يېرىم پالەچ بوپقالغانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ ۋىلايەتكە ياكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى... قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. خەتنى ئوقۇپ تەلەيسىز ئاكامغا ئىچ ئاغرىتىپ بىر ھازا يىغلىدىم. كەچتە بۇ گەپلەرنى ئېرىمگە ئېيتسام، ئۇ: دەرھال بۇ يەرگە ئالدۇرۇپ داۋالتايلى، ئۆيدىكىلەردىن بىر-ئىككىيلەن بىرگە كەلسۇن، دېدى. ئۇلارنى ئايروپىلاندا ئەكەلدۇردۇق. ئۆلكە بويىچە ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەڭ داڭدار دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ داۋالاتتۇق. ئېرىم ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. دەسلەپتە ئاچام بىلەن كېلىنىمىز ئۇنىڭدىن يېتىرقىشىپ ئۇ ئەكەلگەن يېمەكلىكلەرنى ئەخلەتكە تۆكۈۋېتىپ يۈرۈشتى. كېيىن تونۇشقانچە ئۇنى مەندىنمۇ يېقىنراق كۆرۈدىغان بوپكەتتى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئاي بولغاندا ئاكام ھاسا تاياق بىلەن ماڭغىدەك بولدى. ئۇلارنى سوغا-سالاملار بىلەن چىرايلىق يولغا سالدۇق. كېيىنكى يىلى ئانامنى ئەكەلدۇق. ئۇ يېنىمىزدا بىر يىل تۇرۇپ قايتتى. پۇل دېگەن ھەرقانداق تۈگنى ئېرىتىۋېتىدىكەن، ياتنىمۇ تۇغقانغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن. يەنە بىر يىلى ئېرىم ئىككىمىز ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا سەھرالىق ئىككى يېتىم قىزنى پاناھىمىزغا ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلارنىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ تەربىيلىدۇق. ئىچكىرىنىڭ نەم ھاۋاسى ياقتانلىقتىنمۇ، ھەر ئىككىسى شۇنداق رەڭ تۈزۈپ، بىر پىيالە چاي بىلەن گۈپپىدە يۇتۇۋەتكۈدەك چىرايلىق قىزلاردىن بوپكەتتى. ھەر ئىككىلىسى ھازىر بىزنىڭ سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۆيەردە ناھايىتى ئەتىۋارلىق. كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئۇلارنى تالىشىپ كېتىدۇ تېخى...

كېيىنكى سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا ئاننا مارىينىڭ چىرايىدا ئۆزىنىڭ ئېسىلزادە خېنىملارغا خاس تۇرقىغا مۇناسىپ بولمىغان ھېلىقى كۈلۈمسىرەش يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش نېمىشكىدۇر كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويدى ۋە بۇ غەشلىك كۆڭۈل ئاسمىنىمدا گويا قاراڭغۇ تۇماندەك ئۇزاققىچە تارقالماي تۇردى. مەن خېلىغىچە ئۇخلىماي ئاننا مارىينىڭ ھېكايىسىنى ئويلاپ ياتتىم. ماڭا ھەقىقەتەنمۇ كۆل قىز بىلەن شاھزادىنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلەتتى. تۇرمۇشتا تەلەيلىكلەرمۇ بار، ئەمما يار-يۆلەكسىز، ئاجىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەكى ئەگرى-توقايلىق، قان ۋە ياش، خورلۇق ۋە ئازاب.

...

سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا پويىز كۆزگە ئىسىق كۆرۈنىدىغان پايانسىز چۆل-جەزىرىدە كېتىۋاتاتتى. قوغۇشۇن رەڭلىك چۆل ئاسمىنىدا كۆز يېتىدىغانلىكى يەردە تۇزانرەڭ ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. يەر يۈزى ھىلھىلدەك نېپىز بىر قەۋەت قار بىلەن قاپلانغانىدى.

بۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ چۆللىرى. تۈنۈگۈن يول بويىدا ياپيېشىل مايسىلارنى كۆرگەنىدۇق. بۇ يەردە ئاپئاق قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ياغە قار، ياغ.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ۋاگوندا ئاپتومات ئاسقان بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ساقچى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ پاكارراقى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا توختاپ يۈك-تاق جازىسىدىكى يوغان چامادانلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىمنىڭ نەرسىلىرى؟ — دەپ توۋلىدى.

— مېنىڭ، نېمە بولدى؟ — دېدىم ھودۇقۇپ.

— چامادانلارنى ئاقتۇرۇمىز، دەرھال ئېچىڭلار، كىملىكىڭلارنى چىقىرىڭلار، ھەي سەنمۇ بار، — دېدى ساقچى سەپەرداشىمنى كۆرسىتىپ.

مەن ياردەم تىلىگەندەك ئەتراپقا قارىدىم.

— نېمىشقا ئاختۇرىسىلەر؟ ئاختۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىغان گۇۋاھنامەڭلار بارمۇ؟

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ئاچ دېگەندىكىن ئاچماسەن، بىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز، سەن دۆلەتنىڭ كادىرى تۇرۇپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلاشماسەن؟ — دېدى ئارقىدىكى ئېگىز بويلۇق ساقچى كىملىكىمنى قايتۇرۇپ بەرگەچ. ئۇ مۈرىسىدىكى ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ تۇردى.

ئاپتومات ۋال-ۋۇل پارقىراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ قاپقارا ئاغزى بەك سۈرلۈك ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى غورۇرى ۋە قەدىر - قىممىتىدىن ئايرىپ چۈمۈلىدەك ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالايتتى. ئەزەلدىن ساقچى، قورال دېگەنلەردىن يىراق تۇرىدىغان مۆمىن پۇقرالارنىڭ گەرچە گۇناھسىز بولسىمۇ، ئاپتوماتنىڭ ئالدىدا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. تىزىمىز ۋە قوللىرىمىزنىڭ سوس تىترىشىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ چامادان-سومكىلىرىمىزنى ئاچتۇق ۋە مىڭتەستە قىستاپ سىغدۇرغان

كىيىم-كېچەك، سوۋغاتلارنى چۈۋۈپ، بىر-بىرلەپ سىلكىپ يايدۇق. قورال ئالدىدا غۇرۇرىمىزنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىتائەتمەن پۇقرا ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەشكە ئاشۇ يوسۇندا تىرىشتۇق. ئېگىز بوي ساقچىمۇ كۆڭلىمىزنى چۈشەنگەندەك دوستانىلىق بىلەن بىزدىن ئۇنى-بۇنى سوراپ قوياتتى. بۇ جەريان بىزگە پۈتكۈل ئۆمرىمىزدەك ئۇزۇن تۇيۇلدى. قاچانلاردىدۇر ساقچىلار بىزنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ بولۇپ، يەنە يۈك-تاق جازىسىنى قاراشتۇرۇشقا باشلىدى:

– ماۋۇ سومكا كىمنىڭ؟

– مېنىڭ، نېمە بوپتۇ؟ – ئاننا مارىينىڭ ئاۋازى چىرقىرىغاندەك ئاڭلاندى.

– ئاختۇرىمىز، دەرھال ئاچ! – ئاپتومات شاراقلاپ قالدى.

– سومكىدا كىيىم-كېچەكلەردىن باشقا نەرسە بولمىسا، ئاختۇرۇشقا نېمە ھەددىڭلار بار!

– ئۆزۈڭچە بىزنى سېنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ، دەپ قالدىڭمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ياۋاشراق بول، بولمىسا...

– كىم بىلىدۇ، سەنلەر يالغان ساقچىمۇ تېخى!

– ئاغزىڭنى يۇم، ھۇ سېسىق جالاپ!

ئاننا مارىي بىر دۆۋە كىيىم-كېچەك ۋە رەڭگا-رەڭ گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ يېنىدا بىچارە قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى. بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان بىر تال ئۆرۈمە چېچى شۇ تاپتا بەكمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. پاكار ساقچى پادىچىلار رەختىدىن تىكىلگەن چوڭ سومكىغا قولىنى تىقىپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى سىلكىپ ئاتاتتى. ئاننا مارىي ھېلى «بۇ مېنىڭ ئىچ كىيىمىم تۇرسا، مۇشۇنىمۇ ئاختۇرامسىلە؟» دەپ جېدەللەشسە، ھېلى: «بۇ بىر قۇتىسى ئىككى مىڭ يۈەنلىك يۈز ماي، چېقىلىپ كەتسە تۆلىشەمتىڭ» دەپ ساقچىلارنىڭ قولىغا ئېسىلاتتى، ساقچىلار ئۇنى سىلكىپ قورقۇتۇپ تىنچلاندۇرماقچى بولغانچە، ئۇ ساقچىلارغا ئۆزىنى ئېتىپ: «ھەرقايسىڭ ساقچىمۇ ياكى باندىتمۇ؟ نېمىشقا مەندەك يالغۇز ئايالنى بوزەك قىلىشىسەن، نوچى بولساڭ ئېتىۋېتىشە قېنى؟» دەپ ۋارقىراپ ۋاگوننى بېشىغا كىيەتتى.

– يۇم ئاغزىڭنى! – ئېگىز بويلۇق ساقچى مۇشتىنى تۈگۈپ دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىۋىدى، دېرىزىلەر جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى. ئاننا مارىي پەسكويغا چۈشۈپ بىر نەچچە قۇتىنى قۇچاقلىغىنىچە خىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات-پات ساقچىلارغا قاراپ قويۇپ، ئۇلار دىققەت قىلمىغان چاغلاردا ئۇلارنى تىللاپ-تىللىۋالاتتى. ساقچىلار بىر ھۆرپىيىپ قويسا يەنە شۈمشىيىپ كېتەتتى.

چۈشكە يېقىن ئاختۇرۇش، يىغا-زارلار تىنچ-ئامان ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ھېچقايسىمىزنىڭ چۈشلۈك تاماق يېگۈمىز كەلمىدى. گويا مەڭگۈ چارچىماس مەخلۇقتەك ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقان پويىز دېرىزىسىدىن يىراقلارغا قاراپ ئولتۇردۇق.

– ئېرىڭىزنىڭ ئۆلكە باشلىقى دادىسى بىلەن شەھەر باشلىقى تاغىسى بايىقى ئىشلارنى ئاڭلىسا نېمە دەپكېتەر؟ – سەپەردىشىم ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاننا مارىيغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ دېدى.

ئانناماريغا جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا جىددىي قىياپەتكە ئۆتۈپ قاپىقىنى تۈردى:

– ئۇلارغا دەيدىغان بولسامغۇ، بۇ بىرنېمىلەرنىڭ كۆرۈدىغىنى بار ئىدى!

– شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ ئارقا تىرىكىڭىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن!

بىز كۈلۈشكە باشلىدۇق. يۇخادىن چىققۇچە، ئۇزاقىچە كۈلدۇق. بەزى كۈلكىلەر شۇنداق سەۋەبسىز قايناپ چىقىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ كۈلكە ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

پويىز داخېيەن بېكىتىگە يېقىنلاشقاندا ئاننا مارىي ئەستايىدىل گىرىم قىلدى. قونچىلىق ئۆتۈكىنى، چوڭ ياقىلىق تەتۈر خورۇم كالتە جۇۋىسىنى كىيدى. پويىز توختىغاندا بويى بىلەن تەڭ دىگۈدەك يوغان سەپەر سومكىسىنى يۈدۈپ، چاقلىق چامادانىنى سۆرەپ پويىزدىن چۈشتى. بىزگە ئېچكىرىگە بېرىپ قالساق ئۆزىنى ئىزدىمەي قالماسلىقنى يەنە بىر قېتىم تاپىلىدى.

داخېيەن ۋوگزالىدا ئادەم مىغىلدايتتى. ئادەملەرنىڭ باش ئۈستىدە قار تۇزانلىرى ئۇچاتتى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق، يوغان سومكا يۈدۈۋالغان ئاننا مارىي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ ھەقىقەتەن چەت ئەللىكلەرگە ئوخشايتتى. لېكىن يەنە ئوخشىمايدىغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ روھىدا بىر سۇنۇقلۇق بار ئىدى.

– ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي!

مەن پويىز دېرىزىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدىم. ئاننا تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىدا ئىللىق بىر نەرسە ۋاللىدە قىلىپ قالدى-يۇ، دەرھال ئۆچتى. ئۇنىڭ ئورنىنى مەناسىز، سوغۇق ئىپادە ئىگىلىدى. ئۇ بىز بىلەن ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ، سىردىشىپ باقمىغاندەك، ئىككى كۈندىن بۇيانقى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھايات يولىمىزدا قايتا ئۇچرىشىپ قالساق تونۇشماي ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىر خىل ئىپادىدە ئىدى.

پويىز ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقاندا سەپەردىشىم ياتقان ئورنىدىن قوپۇپ سورىدى:

– سىزنىڭچە، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى راستمىدۇ؟

– كىم بىلىدۇ...

– بەلكىم راستتۇ؟

– راست بىلەن يالغاننىڭ ئارىلاشمىسىدۇ...

مەن سىرتقا قارىدىم. پايانسىز دالىنىڭ يىراق بىر يېرىدە كۆڭلىكى ئۆزىگە چوڭ كەپقالغان، سېرىق چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈۋالغان بىر قىز بالا پويىزغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

(M2)



# ئىككى ئايال

(ھېكايە)

ت.ئې.تايماس

## 1

چېچىنى ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ چېچىدەك قىزغۇچ بوياپ، قولىقىغا مانتا زىرە، بويىنىغا بۇلاپكىلىق ئالتۇن زەنجىر ئاسقان، بىر بىلىكىگە تولغىماچ بىلەيزۈك، يەنە بىر بىلىكىگە ئالتۇن سائەت تاقاپ، ئون بارمىقىنىڭ سەككىزىگە ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان بۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئۆزىنى «ئەركىن تىجارەتچى» دەپ ئاتايدىغان كېرىم، كۆڭلىدە ھەممىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ باقتى. ھېسابى ئون مىڭغا بارغاندا، كۆزلىرى گويا ئۇۋۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەن شىرنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈرلىشىپ، ھېلىقى ئايالغا تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئايال تار يوپكىسىنى قايرىپ، ئۆزۈن پايپىقىنىڭ قونچىغا قىستۇرۇۋالغان بىر باغلام پۇلنى ئالدى-دە، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز سوملۇقتىن ئىككىنى سۇغۇرۇۋېلىپ دۇكاندارغا بەردى.

كېرىمنىڭ كۆزلىرى ئۇ ئايالنىڭ قولىدىكى بىر باغلام پۇلدا ئىدى. مۇنداق نەق ئۆلجىنى تېپىش ئۇنىڭغا ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئايال پۇلنى يەنە پايپاققا قىستۇرۇپ، ئالغان نەرسىسىنى سومكىسىغا سېلىپ ماڭغاندا، كېرىممۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ناۋادا ئۇ ئايال پۇلنى يانچۇقىغا ياكى سومكىسىغا سالغان بولسا ئىدى، كېرىم «مېنىڭ يانچۇقۇمغا سالدى» دەپ ھېسابلاۋەرگەن بولاتتى. ئەمما يوتىغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان پۇلنى كۆپكۆندۈزدە ئىگىسىگە تۇيدۇرماي ئېلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى.

ئايال سودا بازىرىدىن چىقىپ ئادەتتىكى بىر كوچىغا كىردى. كېتىۋېتىپ ۋىۋىسكىلارغا ئارىلاپ-ئارىلاپ قاراپ مېڭىشلىرىدىن كېرىم ئۇنى مېھمانخانا ئىزدەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئىشنى مېھمانخانىدىلا پۈتتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمما ئايال بىر مۇنچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، سوپۇن، لۆڭگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئايال مۇنچىدىن چىقسا، بۇ شەھەردىن كېتىپ قېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. (كېرىم ئاللىقاچان ئۇنىڭ بۇ شەھەرلىك ئەمەسلىكىگە جەزم قىلىپ بولغانىدى) شۇڭا دەرھال چارە تاپمىسا، قاراپ تۇرۇپ ھەم سېمىز ھەم نەق ئۆلجىنى قولدىن چىقىرىپ قوياتتى. تىت-تىتلىقتا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى تال سىگارتنى چېكىپ تۈگەتتى. لېكىن باشقا بىرەر ئامال ئويلاپ تاپالمىدى. يەنە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋەرسە، ئۇ ئايال مۇنچىدىن قايتىپ چىقىپ، كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كۆڭلىدە قەتئىي نىيەتكە كەلدى-دە، ئاۋۋال مۇنچىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى «قەن-گېزەك، تاماكا-ھاراق» دۇكىنى دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان كىچىك دۇكانغا كىرىپ، ئالقانچىلىك كېلىدىغان كىچىك ياپىلاق بوتۇلكىلىق «ئەرگوتو» ھارىقىدىن بىرنى ئېلىپ، مۇنچىغا قاراپ تۇرۇپ تېز-تېز ئىچىپ تۈگەتتى. ئاندىن ئۇدۇل مۇنچىغا قاراپ ماڭدى.

مۇنچىنىڭ مۇلازىمەت ئورنىدا بىر كىچىك بالا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناپ ئولتۇراتتى. كېرىم ئۇنى بىر نەچچە سېكۇنت كۆزىتىپ بېقىپ، غىپپىدە قىلىپ ئاياللار مۇنچىسىغا كىرىپ كەتتى. گەرچە ھەر بىر كىشىلىك يۇيۇنۇش ئورنى ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك تام بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشىك ئورنىغا ئىشىك بېكىتىلمەي رەخت پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى. كېرىم چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ بىرىنچى پەردىنى پەم بىلەن قايرىدى. قىپيالىڭاچ بىر ئايال كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرغان ئاپئاق ماغزاپلار بىلەن يۈزىنى يۇماقتا ئىدى. كېرىم ئۇنىڭ لىغىلداپ تۇرغان كۆكسى ۋە ئاپئاق بەدىنىدىن تەستە كۆزىنى ئۈزۈپ، كىيىم ئاسقۇغا قارىدى. ئۇنىڭغا تونۇش كىيىملەر كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، دەرھال ئىككىنچى ئىشىككە يۆتكەلدى.

ئىككىنچى ئىشكىنىڭ پەردىسى ئۈستىگە قايرىپ قويۇلغان بولۇپ، ئىچىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۈچىنچى ئىشكىنىڭ پەردىسىنى قايرىغاندا كېرىمنىڭ كۆزلىرى دەل ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمما ئۇ ئايال ئۇنى مۇنچا خىزمەتچىسى دەپ ئويلىدى بولغاي، سوغۇق بىر ئالىيىپ قويۇپ ئىشىككە كەينىنى قىلىپ خىرامان يۇيۇنۇۋەردى. كېرىمنىڭ كۆزلىرى كىيىم ئاسقۇدىكى تونۇش كىيىم بىلەن تونۇش سومكىغا چۈشكەندە، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. چاقماق تېزلىكىدە ئاۋۋال سومكىنى ئېلىپ كەينىگە يېنىپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم كىيىم ئاسقۇدىكى كىيىملەرنىمۇ پۈرلەپ قولتۇقىغا قىستى-دە، دەرھال كەينىگە ياندى. دەل شۇ چاغدا يۇيۇنۇپ بولۇپ كارىدورغا چىققان بىر ئايال كېرىمنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئەنسىز چىرقىراپ تاشلىۋىدى، شۇئان ھەممە پەردىلەر تەڭ قايرىلىپ، چاچلىرىدىن پىلىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان باشلار كارىدورغا تەڭ سوزۇلدى. كېرىم كىيىكتەك تاقلاپ تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

– ئوغرى! ۋاي ئوغرىنى تۇتۇڭلار!!...

كېرىمنىڭ سومكىنى ئېلىپ مېڭىپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم كىيىمنىمۇ ئېلىپ مېڭىشى، دەل مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، كىيىمى يوق ئايال كوچىغا يالىڭاچ قوغلاپ چىقالمىسۇن، دېگەن ئويىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇنچىدىن يۈگۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، كوچىغا چىققاندىن كېيىن خىرامان ھالدا ماڭدى. يىراق بايا مۇنچىدىن ئاڭلانغان «ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دېگەن تونۇش ئاۋاز ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېقىنلاپ ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ ئايال ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. قوللىرىنى تىنىمسىز پۇلاڭلىتىپ: «ئوغرى! ئوغرىنى تۇتۇڭلار!!» دەپ ۋارقىرايتتى. كوچىدىكى كىشىلەر دەسلەپتە گويا باشقا پلانېتتىن كەلگەن غەيرىي ئادەمنى كۆرگەندەك، ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرغان يەرلىرىدە داڭ قېتىپ قېلىشتى. ئاياللار «توۋا!» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ يۈزىنى تۇتۇشقىنىچە كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ يوللىرىغا راۋان بولۇشسا، ئەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە تاماشا كۆرۈشەتتى.

كېرىم ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئەپتىگە قاراپ، قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىدىمۇ، سىناپ باقماقچى بولغاندەك ئاۋۋال ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا، كىيىملىرىنى كىيىپ بولغۇچە قېچىپ قۇتۇلارمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ ئايال شۇنچە قىممەت كىيىملىرىگە نەزەر-گۇزىرىنىمۇ سالماستىن، كېرىمنى ۋارقىراپ تۇرۇپ تىللىغىنىچە قوغلاپ كېلىۋەردى. كېرىم يەنە قېچىۋەرسە ھايال ئۆتمەي مۇشۇ كوچىدىكى ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالاتتى. دېمەك ئۇ ئايال تۇتالمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ساقچىلارنىڭ تۇتۇپ بېرىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئامالسىزلىقتىن قولىغا چۈشۈپ بولغان نەق ئولجىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

– ئالە مانا! – دېدى ئۇ قولىدىكى سومكىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىغا ئېتىپ، – ئۆمرۈمدە سەندەك نومۇستىن قورقمايدىغان رەسۋا جالاپنى كۆرمەپتىكەنمەن...

ئايال ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن سومكىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئىچىنى ئېچىپ قاراپ باقتى. ھەممە نەرسىنىڭ تولۇقلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن سومكا بىلەن ئالدىنى توسىغان ھالدا كەينىگە يېنىپ، بايا ئۆزى دەسسەپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلەرنى ئالدى-دە، يۈگۈرگىنىچە يەنە مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

## 2

تۈنجى تويى بولغان قىزنىڭ ئۇنىڭدەك ئۇچۇق-يورۇق ھەم ئىشچان چىقمىقى تەسكە توختايدۇ. گەرچە توينى ئۆزى رازى بولۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنەچچە ھەپتىگىچە قولى ئىشقا بارمايدۇ. قېيناتا-قېينانىلىرىنى نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلەلمەي، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ. ھە دېسىلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاترايدۇ.

ئەمما ئۇ تويى بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قېيناتا-قېينانىلىرىنى «دادا»، «ئانا» دەپ ئاتاپ، ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قولىغا ئالغانىدى. تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ باشقىلار ئويغىنىپ بولغىچە ھويلا-ئارامىلارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە ناشتىلىق تەييار قىلاتتى. ئۆيدىكىلەرمۇ بۇنداق قولى ئىشلىق، ئەدەب-ئەخلاقلىق كېلىنگە چىقىنىغىنىدىن كۆپ خۇرسەن ئىدى. ھەر كۈنى كېلىن بىلەن قېينانا ئارىسىدا «مەن قىلىۋېتەي» دېسە، «ياق، مەن قىلىۋېتەي» دەيدىغان تەكەللۇپلار تالاي قېتىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، باشقىلار بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. قېينانا داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇ «مەن يىغىشتۇرۇۋېتەي» دېگىنىچە ئاۋۋال چەينەك، پىيالىلارنى يىغىشتۇرۇپ چاي شىرەسى ئۈستىگە قويدى. ئاندىن قاچا-قۇچىلارنى دەستىلەپ قويۇپ داستىخاننى يىغىشتۇردى. قېينانىسى قاچا-قۇچىلارنى ئالماقچى بولۇپ قول ئۇزىتىۋىدى، «مەن ئۆزۈم ئالاي» دەپ ئېڭىشتى. گىلەم ئۈستىدىكى دەستىلەكلىك قاچىلارنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ ئۆرە بولۇۋاتقاندا، ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى: بايا تاماق يەپ بولۇپ چاي ئىچىۋاتقان چاغدا قورسىقىغا پەيدا بولۇپ ئۇيان-بۇيان قاتراشقا باشلىغان يەل «قىڭ-ڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىقىپ كەتتى. قېينانا ئاڭلىمىغانغا سېلىپ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ باقسىمۇ، لېكىن ئۇ قانسىراتقان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئۆيدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى.

قېينانا ئەسلىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ قاچا-قۇچىلارنى بىللە يۇماقچى ئىدى .لېكىن مېنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ قالمىسۇن دەپ ،بىردەم تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولۇپ گىلەم ئۈستىگە ياستۇقتىن بىرنى تاشلاپ يۆلەندى ھەمدە ھايال ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى .

قېينانا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ،ئوغلى بىلەن ئېرى ئاللىقاچان ئىشقا كەتكەنىدى .كېلىن ئىشلىمەيدىغان بولغاچقا ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدى .ئەمما قېينانا باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن كىرىپ چىققان بولسىمۇ ،ئۇ ھېچيەردە كۆرۈنمىدى .«بايىقى ئىشتىن ئىزا تارتىپ كېتىپ ،ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن چېغى ،كەچتە قايتىپ كىلەر ،ياكى ئۆزۈم بېرىپ چاندۇرماي ئەكېلىۋالارمەن »دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئەمما ئارىدىن بىر-ئىككى سائەت ئۆتۈپ بىر ئىش بىلەن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .چۈنكى كېلىنى قاچانلاردىدۇر گۆش ئېسىش ئۈچۈن تورۇسقا بېكىتىپ قويۇلغان ئىلغۇغا ئارغامچا بىلەن بويىنىدىن ئېسىقلىق تۇراتتى . دەسلەپتە «لېخى ھايات . . . »دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، «ۋاي بالام ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ ! »دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلىنىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ باقتى .بىراق ئەسلىدىكىدىن سوزۇلۇپ ئۇزىراپ كەتكەن جانسىز گەۋدىدە ھېچقانداق سېزىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى-دە ،ئىختىيارسىز ھازا ئاچتى :

ـ ۋاي بالام ، پەرىشتىدىن پاك بالام ! شەرمى-ھايانى دەپ جاندىن كەچتىڭىزمۇ بالام؟ ! تويىڭىز بولغىلى ئاران توققۇز كۈن بولغان ئەمەسمۇ بالام؟ ! ئاتا-ئانىڭىزغا نېمە دەيمەن بالام؟ ! ۋاي نومۇسچان بالام ! . . .

مەكىت ،2004-يىل 7-ئاۋغۇست

---

ئاپتور : مەكىت ناھىيە كۆنتۆپخانىنىڭ خادىمى(M2)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا

## مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ.ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتاپوچتاۋاكالەت نومۇرى22 ـ 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى،ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا 2005-يىلدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى بولغاقويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ گەلە ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# سىلەرگە خەت

دىلئارام قۇربان

بۈگۈن ھەرقانداق ئىشىمنى قويۇپ ،قولۇمغا سىرداش قەلىمىمنى يەنە ئالدىم .بۇ يىل بۇلتۇرقىدەك (سارس مەزگىلىدىكىدەك )بوش-بىكار ۋاقىتلار يوق . بەلكىم ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلىم بولغاچقىمۇ ،ياكى بۇلتۇر پىلانلاپ قىلالماي قالغان ئىشلىرىمنى بۇ يىل پۈتتۈرۈپ تۈگىتىش ئۈچۈن ۋاقتىمنى بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەچكىمۇ ، كۆڭلىرىمنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا ئۆتكۈزدۈم . ئۇزاقتىن دېيەلمەي كەلگەن كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى خەلقىمگە دەۋلىش ئۈچۈن يازغان «قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم »دېگەن ئەسىرىمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىنىڭ مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن بۇ يىللىق 1-ساندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ،ياخشى باھالارغا ئېرىشىشى ۋە مەزكۇر ماقالەم ھەققىدە يېزىلغان مۇلاھىزە - تەسىراتلاردىن غۇلجا شەھەر خەلق دوختۇرخانىسىدىكى گۆھەر ھەمرا ھەدەمنىڭ «دىلئارام قۇربانغا خەت» ،شىئەن نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى م .سۆيگۈنىنىڭ «يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر »قاتارلىق ئىككى پارچىسىنىڭ بۇ يىللىق 3-ساندا ئېلان قىلىنىشى ماڭا بەك زور ئىلھام -مەدەت بولدى . شۇ مەدەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ يىل ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ ، نۇرغۇنلىغان پىلانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم .لېكىن ئەڭ مۇھىم پىلانلىرىمنىڭ بىرى بولغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماڭا مەدەت ئاتا قىلغان خەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرالمىدىم .بۇ يىل بىز پراكتىكىغا چىققاچقا ،ئادرېسىمدا ئۆزگىرىش بولغانىدى . نۇرغۇنلىغان خەتلەرنى بەكلا كېچىكىپ تاپشۇرۇۋالدىم . ۋاقىت چىقىرىپ جاۋاب قايتۇراي دېسەم كۆپلىگەن خەت ئىگىلىرى (ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار )ئەتىلگە چىقىپ كېتىپتۇ .يەنە بەزىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بوپتۇ .شۇڭا مەن بۇ قېتىم يەنە بىر غەيرەت قىلىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئىلتىجا قىلدىم :ماڭا يەنە بىر نۆۋەت پۇرسەت بەرگەن بولساڭلار ،خەلقىمگە كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى يەنە بىر دەۋالغان بولسام !

«مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس »دەپ ، ھەقىقەتەن مۇساپىرلىقنىڭ تەمىنى تېتىغاچقا ، يۇرتۇم - خەلقىمنىڭ قەدرىگە تازا يەتتىم . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، ئوقۇشقا بېرىپ تۇنجى يىلى قىشلىق تەتىلدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندا ، پويىز ئىستانسىسىدىكى مۇز تۇتۇپ كەتكەن خىش يوللار كۆزۈمگە گۈل كۆرۈنۈپ ،تاس قالغانىدىم ئېگىلىپ يەرلەرنى سۆيۈپ كەتكىلى . ھازىرغۇ شىئەننىڭ مۇھىتىغا كۆنۈپمۇ قالدىم . لېكىن ۋاقىت ئۇزارغانچە يەنە سېغىنىش ئوتلىرى باشقىدىن كۆچىيىپ ، ئوقۇشۇمنى تېزراق پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا ئۆچۈپلا بېرىپ مېھرىبان خەلقىمنىڭ ئىللىق قوينىغا - ئۆزۈمگە خاس مۇھىتقا قايتىپ كەلگۈم كېلىدۇ .

يەنە دېمەكچى بولغانلىرىمدىن چەتنەپ كەتتىم . مەن ھەقىقەتەن كۆپلىگەن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم .

## يۈرەكتىن يۈرەككە يول

ھەر بىر پارچە خەت قولۇمغا تەگكىنىدە ئاچچىق بىر پىغانلىق يىغا ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ چىقىدۇ . خەلقىم مەندىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتۈپتۇ .مەن چوقۇم تىرىشىمەن .قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن .

تاپشۇرۇۋالغان خەتلەردە تەپەككۇرى ئاجايىپ تىرەن ،مىللەتنىڭ ،مىللىي مەدەنىيەت ۋە خاسلىقىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق مەندىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماڭا بەرگەن باھالىرى ، مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى ،سورىغان سوئاللىرى جاۋابسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ئاۋۋال قەلەم بىلەن ئاندىن ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاۋاب بېرەي .

مەن يەنىلا تاپشۇرۇۋالغان خەتلەرنىڭ ئىگىلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشنى قارار تاپتىم . شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىسى ھاكىمجان مەسئۇد ،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسۇن ،خاڭجۇدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان قۇربانجان داۋۇت ،روشەنگۈل ،خوتەندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەمەتجان ئابدۇكېرىم ، ئابلىكىم داۋۇت ،ھاۋاگۈل ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى قاسىمجان تۆمۈر ،ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇرمەنلەردىن ئابدۇمىجىت ئابدۇخالىق ،ئابدۇۋاھىد مۇھەممەت ،ۋەلى ،رەھمان ،شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى رىسالەتگۈل بەختىيار . . . مەن سىلەرگە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن .ماڭا قالتىس روھىي مەدەتكار بولدۇڭلار . ماڭا كۆپ ئۈمىد-ئىشەنچ ئاتا قىلدىڭلار . مىللەت سىلەردەك ،بىزدەك ياشلارنىڭ تىرىشىشىغا موھتاج . مەن سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن سورىغان سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بېرەي .تېخىمۇ جىق پىكىرلەشمەكچى بولساڭلار قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقۇمنىڭ ئادرېسىنى قالدۇراي: dilaramk @ Hotmail. com مەن ھەممىدىن بەك تەسىرلەنگىنىم ، بۇ يىل مايدا قەشقەردىن ئەدىب ،ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى ، ئەخلاقشۇناس ،جامائەت ئەربابى ،ھۆرمەتكە سازاۋەر 80ياشلىق مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم چوڭ داداشنىڭ ئۆز قولى بىلەن ماڭا خەت يېزىپ ياخشى باھا بېرىشى ھەم بۇ يىل نەشردىن چىققان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسى »دېگەن كىتابىنى ئەۋەتىشى زور مەدەت بولدى .ماڭا ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تونۇتتى .

مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر قىزى .قىزىقىشىم نۇرغۇن .بالىلىقىمدا ھەرنەرسىگە قىزىقىپ باققان ھەم دوراپ باققانىدىم . . . ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىشىم كىتاب ئوقۇش ، ئاندىن قالسا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىش . كىتابتىن ،تېلېۋىزوردىن ،ھاياتلىق ئەمەلىيىتىدىن ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنى چۈشىنىپ ، خىلمۇ خىل تاللاشلارغا دۈچ كېلىپ ،تاللىغان توغرا يولۇم - «ئەسلىگە قايتىش - ئەسلىمىزگە قايتىش» .ئاساسەن كۆپ ۋاقىتلاردا توغرا يول خاتا يوللار ئارىسىدىن تېپىلىدۇ . توغرا يولنى تاللاش جەريانىدا ئىزدەنگەن يوللار پەقەت جەريانغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ .مۇھىمى نەتىجە . مەن شىئەن تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغىلى تۆت يىل بولدى .ھازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېت شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى .مەن ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇيمىكىن دەپ ئويلاشتىم . ئىنگلىزچىنى ياخشى كۆرىمەن . سەۋىيەم ھەرھالدا ياخشى .ئۇنىڭدىن باشقا تىللارنىمۇ ئۆگىنىپ قويغانىدىم ،ياردىمى تېگىپ قالدى .مەندىن شىئەندىكى ئۇيغۇرلار توغرىلىق نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپتىكەنسىلەر ،ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرەي . شىئەندە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ .ئۇلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر «ئوقەتچىلەر »تېخىمۇ كۆپ .نېمىسىنى دەي ؟ دەپ كەلسەم نۇرغۇن قورساق كۆپۈكى . شىنجاڭدىكى ئوغرى-يانچۇقچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلىۋالدىمىكىن .گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ پات-پات چىقىپ تۇرىدۇ «تونۇش چىرايلار» .بۇرۇن بۇ يەردە بەزى خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنى كۆرسە «قوي گۆشى كاۋىپى» ، «قۇرۇق ئۈزۈم»دەپ چاقىراتتى .ئۈزۈمچە شۇنى ھار ئېلىپ كايىپ يۈرۈپتىكەنمەن .ئويلىسام ، «قوي گۆشى كاۋىپى»بېيجىڭنىڭ داڭلىق «ئۆردەك كاۋىپى»دىن تەملىك ، «قۇرۇق ئۈزۈم» «بىڭتاڭ خۇلۇ» (شېرىنگە مىلەنگەن ياۋا مېۋە )دىن پاكىز ئىكەندۇق .مۇھىمى ، ئۇ خاس ئاتالغۇلار «يانچۇقچى» دەپ ئاتىغاندىن مىڭ ياخشى ئىكەن .باشقا شەھەرلەردە ئۇيغۇرلاردىن سودا قىلىپ ،شىركەت ئاچقانلارياكى ئىدارە-ئورگانلاردا ئىشلىگەنلەر خېلى كۆپ ،لېكىن شىئەندە ئاز .مېنىڭدىن ئۇيغۇر تېبابىتىگە قىزىقاملا ، دەپ سوراپتىكەنسىز ئەمەتجان ئابدۇكېرىم . مەن ھەقىقەتەن بەك قىزىقىمەن ھەم كۆڭلۈمگە پۈككەن ياخشى پىلانلىرىممۇ بار . خۇدا خالىسا ئۇلارمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ . ماڭا خەت يازغانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىچكىرىدىكى ھەم چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازغان تەسىرات ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى يېزىپتىكەن .دېگەندەك ، مەن بۇ يىل مايدا بىر ياخشى پۇرسەتتە ئاۋستىرىيە ،ئىتالىيە ، فرانسىيىلەردە زىيارەتتە بولدۇم .گەرچە قىسقىغىنە ئىككى ھەپتە تۇرغان بولسامۇ ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان ،لېكىن ئاددىي ئىشتىن بىرنەچچىنى مىسال قىلىپ بېرەي :

تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىشىم بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم قىزىقىدىغان پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ پېشۋالىرى فىروئىد ،روڭگى ،ئادلېر ياشىغان ئاۋستىرىيە تۇپرىقىغا دەسسىگەندە ھەقىقەتەن ھاياجانلاندىم .ئاسماندىن قارىسا رەڭلىك ئېتىزلار ، ياپيېشىل تاغلار بىلەن ئورالغان ئاۋستىرىيە زېمىنى ماڭا يۇرتۇم شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى بەزى شەھەرلىرىنى ئەسلەتتى .ئىتالىيە ھەقىقەتەن قويۇق قەدىمىي تۈسكە ئىگە دۆلەت ئىكەن . مەن ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى شەھەر-ئاراللارغا بارالمىساممۇ ،مىلان ،تورىنو ،سان-رېمو قاتارلىق

شەھەرلەردىن خېلى كۆپ ھايقاشلارغا ئىگە بولدۇم. بىر قېتىم ماڭا يول باشلاشقا مەسئۇل بولغان ئىتالىيان ئايال رافا مېنى مىلان ۋە تورىنو شەھەرلىرىدە ئايلاندۇردى ھەم ئىتالىيانغا خاس پەخىر تۇيغۇسى بىلەن ماڭا شەھەر قۇرۇلۇشى، ئىتالىيان تائاملىرىنى تونۇشتۇردى. ياۋروپادىكى قۇرۇلۇشلار ھەقىقەتەن سۈپەت، لايىھەلەش جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل ۋەزمىن، كۆركەم تۇيغۇ بېرىدۇ. ئىتالىيىدىكى كوچا قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان مەنزىرە نۇقتىسى يول بويىدىكى تۈت-بەش قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ پېشايۋانلىرى ئىكەن. بۇنداق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئاساسەن ماگىزىن، ئاشخانا، كىتابخانا دېگەندەك سودا نۇقتىلىرى بولۇپ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلارنىڭ پېشايۋانلىرى بار ئىكەن ھەم پېشايۋانغا ناھايىتى چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغانىكەن.

رافا ماڭا بۇنىڭ ئىتالىيە ئالاھىدىلىكىنى، دۇنيادا باشقا دۆلەتلەردە بۇنداق نەقىش ئويۇلغان پېشايۋانلارنىڭ يوقلىقىنى ھەۋەس بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى. مەن يوقىرىقى ئۈچ دۆلەتتىن باشقا دۆلەتلەرنى كۆرمىگەچكە ئۇنى سېلىشتۇرالمىدىم. لېكىن ئۇ چۈشەندۈرۈۋاتقاندا خىيالىم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردىكى ئۆيلەرگە كەتتى ـ نەقىشلەر ئۇلاردىن قېلىشمىغىدەك نەپىس، چىرايلىق ئىدى. ئاندىن رافا مېنى ئىتالىيە لەغمىنى يەيلى، دەپ رېستورانغا ئەكىردى. ئەلۋەتتە تاللىغان يېمەكلىكلەر كۆكتاتلىق يېمەكلىك بولدى. نېمىسىنى دەي، دۇنياغا داڭلىق دەپ پەخىرلىنىدىغان سپاگەتى، پاستا (ئىتالىيە لەغمىنى، قولدامىسى) دېگەنلەر بىزنىڭ پەمىدۇرنى جىقراق سېلىۋەتكەن، تۇزى كەم لەغمەنلەرگە ئوخشاپ قالاتتى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تائامى لەغمەن ھەققىدە گەپ بولغاندا، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي تائامىمىزنى مەرھۇم مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كۆسەنچە تائام ـ ئەشمە» دەپ تارىخىي ئۇچۇر بەرگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «كۆمراجىۋا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 1-سان). ئىتالىيە پىزاسىنىڭ ئاستى خۇددى بىزنىڭ تونۇردىن يېڭى قومۇرغان نېپىز نېنىمىزغا ئوخشايتتى، لېكىن تەمى بىزنىڭ نانغا يەتمەيتتى.

رافا ئاندىن مېنى 70 ـ 80يىللىق تارىخى بار ماروژنىخانىغا ئەكىردى. ئۇلارنىڭ ماروژنىسى ھەقىقەتەن بەك داڭلىق ئىكەن، باھاسىمۇ قىممەت. مەن سېرىق قايماقلىق ماروژنا يېگەنىدىم، ئۇ خۇددى ئۈرۈمچىدىكى «ئابرال» ماروژنىخانىسىدىكى ماروژنىنىڭ ئۆزى ئىدى. مەن رافاغا شىنجاڭ توغرىلىق نۇرغۇن سۆزلەپ بەردىم، ئۇيغۇرلار توغرىلىق چۈشەندۈرۈپ كۆپ سىرداشتىم. بىراق ئۇنىڭ پەخىرلىنىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى دېسەم ئۇ ھەيران قالدى ھەم ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. لېكىن مەن ئۇنى راست دەپ ئىسپاتلىيالمىدىم. يۇرتىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەر بار. بىز ئۇلارنى بايقىساق، يوقاتمىساق، ئۇلارمۇ ھامان بىر كۈنى دۇنياغا تونۇلىدۇ. مەن بۇ سەپەردىن نۇرغۇنلىغان تەسىراتقا ئېرىشتىم. يۇرتۇمدىكى تېخىمۇ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى سېلىشتۇرۇپ بايقىدىم. مەن بۇ يەردە شۇنى چوڭقۇر تونۇدۇمكى، بىزدە كەم بولغىنى پەقەت «گۆھەر ياتىدۇ سايدا تونۇمىساڭ نېمە پايدا» بىلەن «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» لىقىلا ئىكەن.

مەن بۇ يىل يازدا ـ ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە ھەر يىلىدىكىگە ئوخشىمايدىغان «يۇراقلار» نى يۇراپ ناھايىتى رازى بولدۇم. بولۇپمۇ «يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم-كېچەك بايرىمى» نىڭ ئېچىلىشى ـ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلەرگە مەبلەغ سېلىشنى قوللىشىدىن خۇشاللانسام، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى كىيىم-كېچەك ئۆمەكلىرىنىڭ ھەر خىل ئەتلەستە تىكىلگەن كىيىملىرىگە قاراپ «ۋاي ئېسىت» دەپ ئولتۇرۇپ، ھەم ئادەملىرىمىزنىڭ ئەمدىلىكتە بولسىمۇ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىمىزنى تونۇپ يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلاندىم. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ بۇ يىل 23-ئىيۇلدىكى خەنزۇچە نۇسخىسىدا مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەك تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى، زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئۇستا ئابدۇرېشىت زۇنۇن ئاكىنى زىيارەت قىلغان خەۋىرى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابدۇرېشىت زۇنۇن ئاكا ئەتلەسنىڭ تارىخى توغرىلىق سۆزلەپ: ئەتلەس ئەسلى 3000يىل بۇرۇن قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەردە پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان يىپەك يولىدا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن لېنتا بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەقلى ـ پاراستىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ كۆزىگە ياش كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. چۈنكى بۇ قېتىملىق كىيىم-كېچەك بايرىمىدا ئۇيغۇرلار تۈزۈكرەك، سۈپەتلىكرەك ئەتلەس كىيىم ـ مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلالمىغانىدى.

مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كەلدى. قاچان؟ بۇ قېتىمقى 29-نۆۋەتلىك ئافىنا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يەنە شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئايال تەنھەرىكەتچىلىرى كىيىۋالغان ئەتلەس كىيىملەرگە قاراپ . . .

مەن سىلەرگە قەلەم بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان بولدۇم. ئەمدى نۆۋەت ھەرىكىتىمگە كەلدى.

---

ئاپتور: شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى 2000-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M2)



# تۇردىكى دىدارسىز پاراڭلار

— ئاپتورنىڭ يېقىندا نەشرگە تاپشۇرغان «ئۆزىنى ئىزدەش يوسۇغىدا» ناملىق كىتابىدىن ئارىيە

ئابدۇقادىر جالالىدىن

بالا-چاقىسىنى قوشقاندا ياپونىيەدە 500دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دېيىلىدۇ. بۇ بىر تەقرىبىي سان. قانداقلا بولمىسۇن، سۈپەتلىك تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلار ياپونىيەدە كۆپ دېسەك خاتا بولمايدۇ. ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ھېچ بولمىغاندا ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ جەمئىيەتتىكى ھال-كۈنى ئوبدان كىشىلەرنىڭ جەمەتلىرى. ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەت ئەھلى بولۇپ، نۇرغۇن كىشى ئۇلارنى چوڭ بىلىدۇ، ئۇلارنى 21-ئەسىردىكى تەرەققىيات ئىشلىرىمىزنىڭ بولدۇرغۇسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلقىنىڭ يۈزى ۋە بۇ خەلققە دائىر سىياسىي تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئىختىساسلىقلىرى سۈپىتىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارمۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جەمئىيەتكە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي نۇقتىدىن جاۋابكارلىق پوزىتسىيەدە بولۇش، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتە قوزغاتقۇچلۇق رول ئېلىشى كېرەك بولىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك تەربىيەگە ئېرىشكەنلەر ئالدى بىلەن شەخس سۈپىتىدە جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. كونكرېت تۇرمۇش، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد شەكلىگە ئىگە جەمئىيەت ئۇنىڭغا نان بېرىش بىلەن بىرگە بۇ نانغا قانداق ئېرىشىش توغرىسىدىكى ۋىجدان، قىممەت قاراش ۋە ئېتىقادنىمۇ ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي، مىللىي كىملىكنىڭ مەزمۇنى. ئالىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ئەنە شۇ كىملىكنى ئۆز دەۋرىنىڭ ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تونۇپ يېتىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرىدا «زىيالىي» دېگەن نېمە دېگەن سوئال ئۈستىدىكى مۇھاكىمە تېخى باشلانمىدى. جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەر ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ دىپلومىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «زىيالىي» دەپ قارايدۇ. قانداق خىزمەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۆكۈمەت شتاتىغا ئۆتۈپ، قەلەمنى پەقەت مائاش دەپتىرىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئادەملەرمۇ ئۆزىنى «زىيالىي» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزدە «زىيالىي» كۆپ. لېكىن ئىجتىمائىي كرىزىسلىرىمىز توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان تۈزۈك ئادەم يوق. ئېدۋارد سەئىد كەسىپ بىلەنلا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەملەرنى «كەسپىي بىلىم ئەھلى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي زىيالىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئەقىدە ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇشى كېرەك. بۇ گەپچە بولغاندا، بىزدىكى مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋاتقان كەسپىي ماشىنىلار

بىزگە «زىيالىي»ھاردەڭ كۆرسىتىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە ئەقىدىسى ئۈچۈن مەۋجۇد بولىدىغانلار ئىش ئورنى كاپالىتىدىن يىراق ياكى يېتەرلىك ئىقتىسادىي كىرىم كاپالىتىدىن نابەھرىمەن ھالدا تىپىرلاپ يۈرۈپتۇ. زادى زىيالىي دېگەن نېمە؟ قانداق كىشىلەر زىيالىي بولالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە بىز تېخى جاۋاب ئىزدىمىدۇق.

ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، قۇتلۇق شەۋقىي كەبىي ئادەملەر 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىزدۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يېتەرلىك تەھلىل قىلساق، «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇمغا ئۇيغۇرچە جاۋاب تاپالايمىز.

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن كەسىپ ئەھلىدىن قانچىلىك زىيالىي بار، بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېمەك تەس. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى تۆھپىلىرى ۋە ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق سېزىملىرى جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. مەن جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر جاۋاب ئىزدەۋاتقان مەسىلىلەرگە ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ياكى خىزمەت قىلىۋاتقان يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرىمىزدىن جاۋاب ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئېلخەت (E－mail) ئارقىلىق زىيارەت قىلدىم. خېتىمنى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار ئۇقتىلىق تور بېكەتلىرى ھەمدە مەن تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىدىم. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزى تونۇيدىغان قېرىنداشلارغا ئۇشبۇ خېتىمنى يوللاپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدىم. ياپونىيىدىكى مەلۇماتلىق قېرىنداشلىرىمىزدىن بىر مەزگىل ئىنكاس بولمىدى، ئاخىرى بىر-ئىككىيلەن توردا خەت يېزىپ، ماڭا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەردى. زىيارەت سوئاللىرىمغا رەسمىي جاۋاب يوللىغانلاردىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ئەپسۇسلىنىپ تۇرغان ۋاقتىمدا جاۋابلار كېلىشكە باشلىدى. لېكىن جاۋاب يازغانلار كۆپ بولمىدى. ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ جاۋاب يازغانلارنىڭ سانى ئونغا يەتتى. ياپونىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنى 400 ئەتراپىدا دەپ قارىساق، قىرىقتىن بىر ئىلىمگەر قېرىنداش جاۋاب يازغان بولىدۇ. قالغانلار بەلكىم ئالدىراشتۇ. بەلكىم ئاللىنېمىلەردىن ئېھتىيات قىلغاندۇ. بەلكىم زىيارىتىمدىن خەۋەرسىز قالغاندۇ. قانداقلا بولمىسۇن مۇتلەق كۆپ ساندىكى قېرىندىشىمىز پېقىرنىڭ زىيارىتىگە ئېتىبارسىز قارىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: ھەركىم ئۆز كويىدا قېلىپ بىر-بىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئېرەنسىز بوپكەتكەن، بىر-بىرىنىڭ قەلبىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىماس بوپكەتكەن. تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن شاماللاردا چېچىلىپ يۈرگەن تەكلىماكان قۇملىرى ياپونىيىدىمۇ بىر ئۇچۇم يېپىشماس قۇم ئىدى. بىزدىكى تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان پەللىگە تېخى يەتمىگەن، ئېينىشتېين ۋە ئاندىرېي ساخاروفنىڭ روھى ئۇلارغا تېخى كۆچمىگەن.

مەن ماڭا بىر-بىرلەپ جاۋاب يېزىپ ئىشلىرىمنى قوللىغانلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەتراپىدىكى چوڭ-كىچىك مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەۋاتقان ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىدىن ئازغىنە بولسىمۇ تەقدىم قىلىپ، ئېھسان كۆرسەتتى. بۇ ئېھساننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نەتىجىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق.

مەن بىرەر مۇھاكىمىلىق كىتابقا لايىق جاۋاب كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى. جاۋاب يازغانلارمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە يازغانىدى. ئەمدى مەن ئۇلارنى قىسقىغىنە سۆھبەت خاتىرىسى قىلىپ، كۆپچىلىككە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. جاۋاب يازغانلارغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلارغا يازغان مۇراجىئىتىم تۆۋەندىكىچە:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار:

كېلەچەك قايغۇسىدا يىراق ياپون دىيارىدا جاپالىق ياشاپ، ئىجتىھات قىلىۋاتقان ھەرقايسىڭىزلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. سىلەر 21-ئەسىردىكى مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقىمىزغا كېپىللىك قىلىدىغان ئاقىللىرىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كىشىلىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلاۋاتىسىلەر.

ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: مەن ئابدۇقادىر جالالىدىن بولىمەن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ياپونىيىگە ئايالىمنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىلى ئالتە ئاي بوپقالدى (كانازاۋا، تاتسۇنوكۇچىدا). ئۈچ ئايدىن بېرى ئايالىم تۇرۇۋاتقان مەكتەپ JAIST (Japan Advanced Institute of Science and Technology) - (ياپونىيە پەن - تېخنىكا ئالىي ئىنستىتۇتى)تە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتىمەن. بۇيەرگە كەلگەندىن بېرى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، مائارىپى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاز-تولا چۈشەنچىگە كەلگەن بولسامۇ، ئېنىقكى، ۋاقتىمنىڭ قىسقىلىقى ۋە باشقا چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بۇ چۈشەنچىلىرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن يىراقمەن. ياپونىيىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار بىلەن يۈزتۇرانە ئۇچرىشىپ، كەڭ-كۇشادە پاراڭلىشىش ئارزۇسىدا بولغان بولسامۇ، ۋاقىت، ئىقتىساد قاتارلىق ئامىللارنىڭ مەنپىي تەسىرى بىلەن بۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ بولالمىدىم. مېنىڭ سىزلەرنى كۆرگۈم بار، سىزلەرنىڭ قىممەتلىك پىكرىڭىزلارنى ئاڭلىغۇم بار. ۋەتىنىمىزدىكى تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، لېكىن سىزلەردەك پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ بولالمىغان ئۈمىدۋار كىشىلىرىمىزگە ئاچچىق-چۈچۈك تەجرىبە-ساۋاقلىرىڭىزلارنى، يۈرەك سۆزلىرىڭىزلارنى ئالغاچ كەتكۈم بار. چۈنكى ئۇنىڭدا تەربىيە قىممىتىگە ئىگە مول ئاكتىپ ئامىللار بار دەپ

ئويلايمەن. هازىرقى شارائىتتا قانداق ئويلاشلا ئەمەس ،قانداق قىلىشمۇ مۇھىم بوپقالدى. قانداق ياشاشمۇ ئادەمدىكى ساپانى كۆرسىتىدىغان ئالامەت بوپقالدى. يات مەدەنىيەت مۇھىتىدا هاياتلىق ئۈچۈن يول ئېچىش جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولغۇدەك قىممەتلىك بىلىملىرىڭىزلاربولسىمۇ، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان ئالدىراشلىقلار سەۋەبىدىن ئۇلارنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ بېرىش پۇرسىتىنىڭ سىزلەرگە نېسىپ بولمىغانلىقىنى قىياس قىلىش قىيىن ئەمەس .ۋۇجۇدىڭىزلارغا تىنىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ بىلىمنى قوزغاپ چىقىش مەقسىتىدە سىزلەرنى ئېلخەت ئارقىلىق زىيارەت قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ھەرقانداق بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش زۆرۈرىيىتى بار بولغىنىدەك، ئۆزىنى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن ،ئۆزىگە تۇز بەرگەن خەلقىگە مەسئۇل بولۇش بۇرچىمۇ بار. بۇنداق جاۋابكارلىق تۇيغۇسى جاهان كۆرگەن ئادەمگە ئىنتايىن تونۇش.

مەن مارتىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەنگەقايتىمەن ۋە بارغاندىن كېيىن سىلەرنى زىيارەت قىلىپ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ماقالە تەييارلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلماقچى .ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە ھەرقايسىڭىزلارنىڭ تەكلىپ - مەسلىھەتلىرىڭىزلارغا موھتاجمەن. ئەگەر زىيارىتىمگە بېرىلگەن جاۋابلار بىر قەدەر سىستېمىلىق جاۋابلار بوپقالسا مەخسۇس سۆھبەت سۈپىتىدە بېرىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە باشقىچە پىكرىڭىزلار بولسا ئەسكەرتىپ قويۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمەن. ۋاقتىڭىزلارنىڭ قىسلىقىنى بىلىمەن، چۈنكى بۇ ياپونىيە .شۇنداقتىمۇ ئانا خەلقىڭىزلەرگە مەن ئارقىلىق يېتىدىغان مەنىۋى سوۋغىتىڭىزلارنى ئايىمايدىغانلىقىڭىزلارغا ئىشىنىمەن. بىلىم قىممەتلىك ۋە شىپابەخش دورا-دەرمەككە ئوخشاش ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى خۇشپۇراق قىلىدۇ.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار:

سوئالىم ھەققىدە تولۇقلاش پىكرىدە بولسىڭىزلار ،بۇ مەن ئۈچۈن ياردەم ھېسابلىنىدۇ. ئايىماي بايان قىلغايسىزلەر. سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش ئىختىيارىڭىزلاردا ،ھەتتا ئۆزىڭىزلەر ھېس قىلغان مەسىلىلەرنى سوئالدىن تاشقىرى ئوتتۇرىغا قويسىڭىزلارمۇ بولىدۇ. مەزكۇر زىيارەت سوئاللىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن سىزلەر بىلىدىغان باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزىتىپ يوللاپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن. جاۋاب ئەڭ كېچىككەندە فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا كەلسە بولىدۇ. ئىسىم-فامىلىڭىز ،ۋەتەندىكى خىزمەت ئورنىڭىز، ياپونىيىدىكى تەۋەلىكىڭىز ،كەسپىڭىز ،تەتقىقات تېمىڭىزنى ئەسكەرتىپ قويغان بولسىڭىز.

سىزلەرگە ۋەتەنداشلىق ۋە قېرىنداشلىق سالىمى يوللاپ:

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

2003-يىل 11-يانۋار

زىيارەت سوئاللىرىم تۆۋەندىكىچە:

**1.هازىر ياقلاۋاتقان كەسىپ(تەتقىقات تېمىڭىز)نى قانداق تۈرتكە بىلەن تاللىغانىدىڭىز ؟ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يەرلىك ئېھتىياجى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايسىز؟**

**فەرىدە ئابلىز** ( شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تېرە كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن، ياپونىيىدە چىبائۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا مەكتىپىدە دوكتور ئاسپىرانتى):

يۇرتىمىزدا مىكروپ بىلەن يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللىك بەك كۆپ، يېزىلىرىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق .لېكىن يۇرتىمىزدا مىكروپ تەتقىقاتى بىر بوشلۇق .بىر كۈن بولسىمۇ كېسەللىك سەۋەبىنى توغرا ئېنىقلاپ ،قېرىنداشلىرىمىزنى روھىي ئازاب ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مېنىڭ ئارزۇيۇم.

**كامىل مۇستاپا** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئىشلىگەن ،هازىر خىرۇشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاسپىرانتى):

مەن ۋەتەندە ماتېماتىكا ئۆگەنگەن ھەم شۇ ساھەدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .ياپونىيىگە كېلىپ ،هازىر «كونترول سىستېما نەزەرىيىسى»دېگەن كەسىپتە دوكتورلۇق كۇرسىدا ئوقۇۋاتىمەن.

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت** (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى ،مۇھىت بىئولوگىيىسى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى):

مېنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلەم مۇھىت بىئولوگىيىسى ساھەسىگە كىرىدۇ. ئەسلى كەسپىم بىئولوگىيە بولغاچقا ،نۆۋەتتىكى دۇنيادا ،جۈملىدىن يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇۋاتقان بىئولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئازراق بولسىمۇ ئۆز كۈچۈمنى چىقىرىپ، خەلقىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاي دەيمەن.

**ھىممەت سىددىق** (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ،ئوقۇۋاتقان ئورنىنى دېمىگەن):

هازىرقى كەسپىنى ياپونىيىگە كېلىپ بولۇپ تاللىغان (كەسپىنى جاۋاب بەرگۈچى ئېنىق دېمىگەن)، ئەگەر شارائىت يار بەرسە يۇرتىمىزدا بۇ بوشلۇق تولۇقلانغان بولاتتى.

**غەيرەت توختى كەنجى:** (كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە دوكتور ،مەلۇم بىر شىركەتتە ئىشلەيدۇ):

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىغا تۇيۇقسىز قىزىقىپ قالدىم .سەۋەبى ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ .ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنىApple كومپيۇتېرىدا ئۇيغۇرچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يېزىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسامۇ ،بۇ ساھەدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەلگە ئاشمىغانىدى .ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى يېرىم يىل خىزمەت قىلىش جەريانىداMS – DOS ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ « UHK213 ئۇيغۇرچە ،قازاقچە ،قىرغىزچە ،خەنزۇچە مەشغۇلات

سىستېمىسى»ياساپ چىقتىم .ئارقىدىن بۇ سىستېما مۇھىتىدا ئىشلەيدىغان ھۆججەت بېسىش سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقتىم .شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ يۇمشاق دېتال ساھەسىدە بىر ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى .كېيىن ئىشلىگەن سىستېمىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا «كومپيۇتېر مەشغۇلات قوللانمىسى»دېگەن كىتابنى ئاقسۇ پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ نامىدا ئىچكى قىسىمدا تارقاتتىم .

ئۇكام (جۈرئەت توختى كەنجى )نىڭ ياردىمىدە ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق «ئېغىزنى ئېچىپ يېپىش ۋە باشنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كومپيۇتېرغا بۇيرۇق يەتكۈزۈش»ۋە «Video كامېرانىڭ ياردىمىدە بارماقنى چاشقىنەك ئورنىدا ئىشلىتىش »دېگەندەك تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردىم .بۇنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ يەرلىك ئېھتىياجى بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ ، ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مېيىپلار ۋە ياشانغانلارنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ئاسانلاشتۇرۇش جەھەتتىكى «پاراۋانلىقى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاددىي بىر باشلىنىش دەپ قارايمەن .

**جۈرئەت توختى كەنجى :** ۋەتىنىمىزدە يەر ئاستى بايلىقلىرى ناھايىتى مول .بۇلار ھازىرقى سۈرئەتتە ئېچىلسا چوقۇم بىر كۈنى خوراپ تۈگەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئېنېرگىيىسىز بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ .كېيىنكى ئەۋلادلار ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشى كېرەك ؟ مەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىمدا ،ياپونىيە «سانائەت گېزىتى »دە SHARP دېگەن شىركەتنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسى جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆردۈم-دە ، مۇشۇ كەسىپكە يۈزلىنىش قىلدىم . ئەگەر بۇ كەسىپنى ئىگىلىسەم كەلگۈسى ئەۋلادلار ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوقۇم پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم بار ئىدى .ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەلۇم بىر شىركەتنىڭ تەتقىقات ئورنىدا ئۈچ يىل يەنە مۇشۇ تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توختاملاشتىم . .لېكىن رېئاللىق ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن .مەن بۇ يەردە ئىككى تەتقىقات ئۈستىدە ئىشلەپ ئىككى يىل ئۆتكەندە ، شىركەت ئىقتىساد باھانىسىدا بۇ تەتقىقات تېمىسىنى توختاتتى .مەن تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلاشتىم .بىراق ئامال بولمىدى .ئەگەر مەنمۇ ياپون بولغان بولسام ئامال بولاتتى .ئامالسىزلىقتىن ئۆزۈم ئۆگەنگەن كەسىپتىن باشقا كەسىپتە خىزمەت قىلىۋاتىمەن .بىر كۈنلەردە ئەگەر مۇمكىن بولسا يەنە شۇ تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇم بار .

**قۇتلۇق سابىت** (مۇساشى تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدا قاتناش ئىلمى ماگىستىر ئاسپىرانتى ) :

مەن ياپونىيىگە 1996-يىلى ئاپرېلدا كەلگەندىم .بىر يىل ياپون تىلى ئۆگىنىپ بولۇپ قايتىدىن ياپونىيىدە ئالىي مەكتەپتىن باشلاپ ئوقۇغان .ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كەسپىم مۇھىت ئۇچۇرى ئىدى .ھازىر قاتناش ئىلمى كەسپىدە ماگىستىرلىقنى ياقلاۋاتىمەن .بۇ ئىككى كەسپىنىڭ باغلىنىشى بولسا شەھەر قاتنىشىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ۋە شەھەر قاتنىشىنىڭ ئىقتىسادقا بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت .

بۇيەردە كەسىپ توغرىلىق يازسام ،نەچچە بەت يېزىپ كېتىش ئېھتىمالىم بار .شۇڭا ئاددىيلا چۈشەنچە بەردىم .

ئەمدى بۇ كەسىپنى تاللاشتىكى تۈرتكىگە كەلسەك ،ئۈرۈمچى 1997-يىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى يىللىرىمۇ دۇنيادا «مۇھىتى بۇلغانغان ئون چوڭ شەھەر»نىڭ بىرى دېگەن نامنى ئالدى . دېمىسەكمۇ ، ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەم قىشتا ھېلى ياغقان قارنىڭ ئەتىسىلا قاپقارا بوپكەتكىنىنى كۆرىدۇ . بۇلتۇر شەھەرلىك ھۆكۈمەت 200گە يېقىن پار ئوچىقىنى يېقىشتىن توختاتتى . ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى بىرئاز تازىلانغان بولسىمۇ ، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل بولدى دېگىلى بولمايدۇ . مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان .شۇڭا ، ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن .مۇھىت بۇلغىنىش ئادەملەرگە ھەرخىل كېسەللىكلەرنى ئەكېلىدۇ .ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئۆپكە ، قىزىلئۆڭگەچ ،بۇرۇن ياللۇغى دېگەندەك كېسەللەردۇر .بۇيەردە مېدىتسىنا ئىلمىدىن سۆز ئاچماقچى ئەمەسمەن .لېكىن مۇھىت بۇلغىنىشى كاللامغا كىرىۋالغان مەسىلە . ئاخىرى مۇھىت كەسپىنى ئالىي مەكتەپتىن باشلاپ ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ 1997-يىلى مۇساشى تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇھىت ئۇچۇرى كەسپىگە رەسمىي ئوقۇشقا كىردىم .تۆت يىل ئوقۇش جەريانىداشەھەر قاتنىشىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭلىقىنى تونۇپ يەتتىم .شۇنىڭ بىلەن شەھەر قاتناش ئىلمىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن ھازىرقى مەكتىپىمنىڭ سانائەت تارمىقى قاتناش ئىلمى كەسپىگە 2001-يىلى ماگىستىرلىققا كىردىم . جەمئىيىتىمىز تەرەققىيات باسقۇچىدا بولغاچقا مۇھىت مەسىلىسىنى توغرا يول بىلەن ھەل قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇنداقلا شەھەر قاتناش مەسىلىسىنىمۇ پىلانلاش ،باشقۇرۇش دېگەن مەسىلىلەرنى تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن ئۆگىنىپ يولغا قويۇشقا توغرا قىلىدۇ .لېكىن بۇ كەسىپتە زىيالىيلىرىمىز بەكمۇ كەمچىل .مەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن بىرگە ،يۇرتىمىزنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ۋە شەھەر قاتناش مەسىلىسىنى تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكچىلىك رولىنى ئالالايمەن ، شۇنداقلا ھازىرقى جەمئىيىتىمىز-نىمۇ مۇشۇنداق كەسىپ ئىگىلىرىگە موھتاج دەپ چۈشىنىمەن .

**سەلتەنەت ئىبراھىم** (كيوتو ئۇنىۋېرسىتې-

تىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ) :

مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات ئۆگەنگەنىدىم . ياپونىيىگە كېلىپ ياپون تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ياپون تىلىنىڭ گرامماتىكا جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ ،بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغانغا ئالاقىلاشتىم .ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىقنى تۈگەتتىم .مېنىڭ ماگىستىرلىقتا يازغان ماقالەم ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر بىلەن ياپون تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ھەم پەرقىگە ئائىت تېمىدا بولدى . بەلكىم بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولۇشى مۇمكىن .ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ كىشىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتىم .ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ باشقا تىلغا قارىغاندا ياپون تىلىنى ھەيران قالارلىق ھالەتتە تېز ئۆزلەشتۈرەلەيدىغانلىقى بۇنىڭغا پاكىتتۇر .

AY (جاۋاب بەرگەندە سالاھىيىتىنى ئەسكەرتمىگەن ) :

مەن ياپونىيىگە كېلىپ ،ياپونىيىدىكى قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئانا يۇرتۇمدىكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ بولسىمۇ ،لېكىن ھاۋاسىنىڭ ساپ ۋە سۈپسۈزۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم .مەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ،بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىس-تۈتەكلىك ھاۋاسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇھىت ئىلمىنى ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ ،ھازىرقى كەسپىنى تاللىدىم .

## 2.سىز ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئەڭ زور قىيىنچىلىق نېمە؟ بۇ قىيىنچىلىقنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بارمۇ؟

**فەرىدە ئابلىز :** يۇرتۇمنى ۋە ئائىلەمنى سېغىنىش مەندىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق .

**كامىل مۇستاپا :** ياپونىيىگە كېلىپ دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائىيىتىگە كۆنۈشتىن ئىبارەت دەپ قارايدىم . بۇنىڭدىكى سەۋەب ۋەتەندە ئۆتكەن كۈنلىرىمگە ئىچ ئاغرىتىشتىن ئىبارەت .

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت :** مەن ياپونىيىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا ياپونچە ئاساسىمنى پۇختا سالغان ھەمدە ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنى كۆرەلەيدىغان سەۋىيىدە ئىدىم . مەن ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇچرىغان زەربە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي مەسىلە بولدى .كالتە ئىش (ياپونچە arbayto، ئىنگلىزچە Part time Work ) تېپىش تەس بولسا ،ئوقۇشنى قانداق داۋاملاشتۇرىمەن؟ مەن ياپونچىغا ياخشى بولغاچقا ئىش تېپىشىم ئاسانغا چۈشتى ،بىراق ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى بېشىمنى قاتۇردى . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم .شۇنداقتىمۇ ئىقتىسادىي مەسىلە

دەسلەپتە خېلى ئالدىرىتىپ قويدى .ياپونىيىدە خۇسۇسىيلار تەسىس قىلغان مۇكاپات ناھايىتى ئاز ، شۇنداقلا كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ياش چەكلىمىسى بار بولغاچقا ،يېشى كىچىكلەرگە نىسبەتەن مەندەكلەرگە تاللاش پۇرسىتى ئاز بولدى .

**ھىمىت سىدىق :** ئەڭ زور قىيىنچىلىق ئىقتىساد .چۈنكى ياپونلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىستېمال سەۋىيە پەرقى بەك چوڭ .بۇنىڭ روھىي بېسىمى بەك زور بولۇپ ، قولىمىزنى قىسقا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ .

**غەيرەت توختى كەنجى :** بۇ مەسىلىگە ھەممە ئادەمنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش بولسا كېرەك . ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىقى .مەن ئۇكام بولغاچقا ۋە ئۆزۈم ئەكەلگەن پۇل (سىستېما ۋە كىتابتىن كىرگەن )بىلەن ياپونچە ئۆگەنگىچە ئانچە قىينالمىدىم .ياپونىيىدىكى ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بېشىدا ئىقتىسادىي بېسىم ھەرقاچان مەۋجۇد . شەخسىي خىراجەت بىلەن كەلگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق .بۇنى ئەلۋەتتە ياپونىيە بىلەن ۋەتىنىمىزدىكى ئىقتىسادىي پەرقنىڭ چوڭلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

**جۇرئەت توختى كەنجى :** مەن ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولدى .بەلكىم ، بۇ بىزدەك ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز يەردىن كەلگەن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئورتاق قىيىنچىلىق بولۇشى مۇمكىن . دادام ئۆمۈر بويى يىغقان ئىقتىسادىنى مېنىڭ ياپونىيىدە ئوقۇشۇمغا مەبلەغ سالغاندى .لېكىن بىر ئوقۇتقۇچى ئۆمۈر بويى ئىشلەپ قانچىلىق ئىقتىسادقا ئىگە بولالايدۇ دەيسىز ؟ دادامنىڭ مېنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن سالغان مەبلىغى ياپونىيىگە كېلىپ ئوقۇش پۇلى تۆلىشىمگە ئاران يەتتى .

لېكىن ئىش تاپقاندىن كېيىن قىيىنچىلىق ھەل بولدى .ئىش تېپىپ بولغۇچە يېگۈدەك بىر نەرسە يوق نەچچە ھەپتىنى ئاچ-توق ئۆتكۈزۈپ ، بۇدۇنياغا تۆرەلگىنىمگە پۇشايمانمۇ قىلدىم .ھەتتا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش خىياللىرىنىمۇ قىلدىم .ئويلاپ باقسام ،شۇۋاقىتتا گۆدەك ئىكەنمەن .ئەسلىدە ئادەم جاپا تارتىپ چوڭ بولىدىكەن ۋە روھىي جەھەتتىن يېتىلىدىكەن .ئاشۇ جاپالارنى تارتىپ روھىي جەھەتتىن يېتىلگەندەك ھېس قىلدىم .ھازىر روھىي جەھەتتىن يېتىلىشىمگە تۈرتكە بولغان ياپونىيە مۇھىتىغا رەھمەت ئېيتىمەن .

**قۇتلۇق سابىت :** ئۇيغۇرلار ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن تاماق ،مۇھىت ،تىل ،ئىقتىساد دېگەندەك ھەر خىل مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ .تاماق مەسىلىسى مېنىڭچە چوڭ مەسىلە ئەمەس .چۈنكى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھەرقاق خورۇچىنى تاپقىلى بولىدۇ ،پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ قىلىپ كېتىشىگە باغلىق .ھەممىدىن يامىنى تىل ۋە ئىقتىساد مەسىلىسى دېسەك بولىدۇ .تىل مەسىلىسىگە كەلسەك ،ياپون

تىلنى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆگەنگىلى بولىدۇ ،لېكىن تەبىئىي پەندە ئوقۇيمەن دەيدىكەنسىز ئىنگلىز تىلىنى بىلمىسىڭىز بەكمۇ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىسىز . شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارغا ياپونىيىگە كېلىپ ئىككى خىل تىلنى بىرگە ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ .بىر تىلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي تۇرۇپ يەنە بىر تىلنى ئۆگىنىمەن دېيىشمۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس .

ئىقتىساد مەسىلىسىگە كەلسەك ، ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى كۈچلۈك دۆلەت .شۇڭا ئۇلاردىن ئىقتىسادىي پەرقىمىز ناھايىتى چوڭ . توكيو دۇنيا بويىچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى شەھەر .ياپونىيىدە بىر تاۋۇزنى 1000يىنگا ئالىمىز ، بۇ 65يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ . ئۇنىڭغا يۇرتىمىزدا 20ئەتراپىدا تاۋۇز كېلىدۇ .بۇيەردىكى قىيىنچىلىق-نىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى دېگەندە ،ئۇ بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ . چۈنكى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە ئىنگلىزچە ئۆگىنىدىغان پۇرسەت يوق . بۇنى ئىجتىمائىي سەۋەب دېسەك بولارمىكىن .

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** مەن ياپونىيىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن كەلگەن روھىي بېسىم .مەن بۇيەرگە شەخسىي پۇلۇم بىلەن كەلگەچكە بەك قىينالغاندىم . بۇمۇ ئۇزۇنغا قالماي ھەل بولدى .ئەمدىكى قىيىنچىلىق روھىي بېسىم ، يالغۇزلۇق ، مۇساپىرچىلىقتىن ئىبارەت .

**AY :** ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق يېڭى مۇھىتقا ۋە يېڭى تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ماسلىشالماسلىق .بۇنىڭ سەۋەبى ، بىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپىمىزدىكى ئۆلۈك ھالدا ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى .

**3.باشقا ئەللەردىن كەلگەن ستودېنتلار بىلەن بىرگە ئوقۇش داۋامىدا ئادەمدىكى ئۇنىۋېرسال ساپا جەھەتتە قانداق تونۇشقا كەلدىڭىز ؟**

**فەرىدە ئابلىز :** ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلەيدىكەن .ياپون جەمئىيىتىگە كۆنۈش ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق .بۇيەردە كىشى ۋەتەندە ئۆتكۈزگەن بىھۇدە چاغلىرىغا ئېچ ئاغرىتىدىكەن .

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت :** مەن باشقا ئەللەردىن كەلگەن ستودېنتلار بىلەن ئالاقە قىلىپ ، ساپا جەھەتتە ئۇلاردىن ھېچقانداق پەرقىمىز يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم .ئۇلار ئىنگلىزچىدە ياخشى ، لېكىن ياپونچىدا راۋان ئەمەس . ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بىلەن ئوقۇغىلى كېلىدىكەن .مەيلى قايسى دۆلەتتىن كەلگەن بولمىسۇن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشقان بولىدىكەن .ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇيغۇر » دېسە بىلمەيدىكەن . «جۇڭگودىن كەلدىم »دېسەڭ ئوخشىمايدىكەنسەن دەپ تازا ئىشەنمەيدىكەن .

**ھىممەت سىددىق :** بۇ دۇنيا ئىرادىلىك ، تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك ئىنسانلار ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئاچقانىكەن .گەرچە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل پەرقلەر بولسىمۇ ، بىرمەزگىللىك تىرىشىش نەتىجىسىدە پەن جەھەتتە باراۋەرلىشىپ كېتەلەيدىكەن .لېكىن ئىنسانلارنىڭ نەسلى ۋە ئانا تەربىيىسى مەڭگۈ پەرقلىنىپ تۇرۇدىكەن .ئۇيغۇرلار گەرچە ئىقتىساد جەھەتتىن تۆۋەن بولساقمۇ ،ئەدەب-ئەخلاق ،ئۆرپ-ئادەت ، مىجەز-خۇلق ، چىراي شەكلى جەھەتلەردە باشقىلارنى جەلپ قىلالايدىكەنمىز .

**غەيرەت توختى كەنجى :** مەكتەپتە باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشمىغان بولساممۇ ، ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا Rotary كۇلۇبىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم . ئۆزۈمنىڭ كەسپى جەھەتتە ئۇلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىمنى ،ھەتتا ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم .لېكىن ئۇلاردىكىدەك جەمئىيەت قارىشى ۋە ئادىمىي قاراشنىڭ مەندە خېلىلا كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ،بۇنى يۇرتىمىزدىكى ، كىتابتا بارنىلا ئوقۇتۇپ قويۇش ئۇسۇلىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم .

**جۆرئەت توختى كەنجى :** باشقا ئەللەردىن كەلگەن ستودېنتلار بىلەن بىرگە ئوقۇش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى ،ۋەتىنىمىزدە ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان بىر ئۇيغۇر ھەرگىزمۇ بىر ياپونىيىلىك ،بىر ئامېرىكىلىق ياكى بىر ياۋروپالىقتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ .ئۇلار ھەرقانداق يەردە رىقابەت دۇنياسىغا ئۆزىنى قورقماستىن ئاتالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن .

**قۇتلۇق سابىت :** باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياپون تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ ،بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپايىمىزنىڭ تۆۋەن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم . ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇچۇر بايلىقى بىزدىن پەرق قىلىدۇ . ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى بىلگەچكە دۇنيانى بىزدىن بەكرەك بىلگەندەك كۆرۈنىدۇ .لېكىن ئىش يۈزىدە ئۇنداق ئەمەس . ئىنگلىز تىلى پەقەتلا بىر قورالدىن ئىبارەت .ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرىمىز بار ،لېكىن ئۇلارنىڭمۇ بىزدىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرى بار .كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ئىنگلىز تىلى بىلگەن ئادەمنى ھەممىنى بىلىدۇ دەپ قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ .

ئالىي مەكتەپ دەۋرىدە ھەرقايسى پەنلەرنى ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر بىلەن رىقابەتتە ئۆگەندىم .دېمەك بىزنىڭ ھېچ يېرىمىز باشقىلاردىن كەم ئەمەس .ئارىمىزدا ھەرخىل ئادەملىرىمىز بار . ئۇلار ۋاقىت ،تازىلىق دېگەندەك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلماي مىللىي ساپايىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ .بۇ ھال ھەرقانداق مىللەتتىن تېپىلىدۇ . بۇنداق مەسىلىلەرنى ئاستا-ئاستا تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ .

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** بىز ئاسىيالىقلار ئۆزىمىزنى ئەركىن تۇتالمايدىكەنمىز .ھەرقانداق ۋاقىتتائېھتىياتچان بولۇپ ،غۇرۇرىمىز بىلەن ياشىيالمايمىز . ئەركىنلىك ساپانى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى .ئۆزۈمنى ئالسام ئوتتۇرا ھەم ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنەلمىگەن ،ئىسراپ بولغان ۋاقتىمنى ئالتە يىل تىرىشىپمۇ تولۇقلىيالمىدىم . ئەركىن قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن بىرەر كەسىپنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆگىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈستۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن .ساپايىمىزنى جىددىي كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ،ئۇنداق قىلمىساق ئەھۋالنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

## 4. سىزنىڭچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك نېمە؟ ئارتۇقچىلىقچۇ؟

**فەرىدە ئابلىز :** شەخسىيەتچى ھەم مىللەتنى سۆيۈش روھى ئاجىز .ئارتۇقچىلىقى : جاپاغا چىدامچانلىق .

**كامىل مۇستاپا :** مېنىڭچە ، زىيالىيلىرىمىزدا سەۋىيە ئۈسكەنسىرى باشقىلارنى ياراتمايدىغان ئادەت بار .ئارتۇقچىلىقى : شارائىتنى ئۆزى يارىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بار

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت :** ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا كەم نەرسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولسىمۇ ، ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى ، ئىلىمگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئىزدىنىش روھى يوق ، ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق كەم .

**ھىمىت سىدىق :** ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى : ئۆزىنى توغرا پەرەز قىلالماسلىق ، ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىك ، ئارتۇقچىلىقى : تىرىشچانلىق .

**غەيرەت توختى كەنجى :** ئەركىن تەپەككۇر قىلالايدۇ ،يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى خېلىلا كۈچلۈك . كەمچىلىكى : ھورۇنلۇق ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك .تەتقىقات ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇشقا ،ئۇلارنى يەكۈنلەپ ئېلان قىلىشقا ئېتىبار بەرمەيدۇ .ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن گۇمان قىلىپ ، قىلغان ئىشىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيدۇ .

**جۈرئەت توختى كەنجى :** مېنىڭچە ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك شۇكى ، ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى بىلىپ بولغاندەكلا تىرىشمايدۇ . بۇنىڭ بەلكىم شارائىت ۋە دەۋر بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن .لېكىن ھەممىنى شارائىتقا دۆڭگەپ قويۇش ئاقىلانىلىق ئەمەس .بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئۆزى ياشاۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇھىتقىلا ئەمەس ، پۈتكۈل دۇنياغا نەزەر سېلىشى كېرەك .

**قۇتلۇق سابىت :** ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك شۇكى ، ئۇلاردا ئىنتىلىشچانلىق سۇس .ئۇلار بىرەر ئىدارىگە كىرىۋالسا ئىشى تۈگەيدۇ ، ماائاشىنى ساق ئالسىلا بولىدى ،دەپ ئويلايدۇ .ھۆكۈمەت 1985-يىلىدىن باشلاپ بىر قىسىم كىشىلەرنى ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقاردى . باشتا كەلگەنلەر خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى ، يېقىندىن بۇيان كەلگەنلەر ماددىي بايلىققا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ .بەلكىم ئۇلار ئۆي ئېلىش ، بالا بېقىشنىڭ ۋەسۋەسىسىدە شۇنداق قىلغاندۇ .ئۇلار ياپونىيىدە ئىشلەش بىلەنلا بوپكېتىپ ،ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كۆرمىگەن ئىشنىمۇ كۆردۈم دەپ ،يوق تەشۋىقاتنى قىلىپ ، چەت ئەلدە ئوقۇش خىيالىدا بولغان ياشلىرىمىزنى قايدۇرماقتا . ئۇلاردىكى يەنە بىر يېتەرسىزلىك شۇكى ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويىدۇ . ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغانلار ئاز . باشقىلارنىڭ يول باشلىشىغا قارايمەن دەپ پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى : چىداملىق ، ھەرقانداق مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ .دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە نەتىجە قازىنىۋاتقانلار ئاز ئەمەس .

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** كەمچىلىكى : چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدۇ ، بىلگەن نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئۆگەتمەيدۇ .مەلۇم بىر يىلى بىزنىڭ مەكتەپكە (كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا )ئىككى داڭلىق تىل تەتقىقاتچىسى كەلگەنىدى .پروفېسسورىمىز سوئال سورىغانىدى ،ئۇلار دۇدۇقلاپ قىزىرىپ كەتتى . پروفېسسورىمىز كۈلۈپ كەتتى .زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى كەمتەرلىك بولسا كېرەك .

**AY :** كەمچىلىكى :شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىچى تارلىق .

## 5. سىزنىڭچە، ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن قانداق سالاھىيەتنى ھازىرلاش كېرەك؟

**فەرىدە ئابلىز :** ھازىر ياپونىيىگە ھەقىقىي ئوقۇش مەقسىتىدە كەلگەنلەر بەك ئاز . ھەقىقىي ئوقۇش ۋە ئوقۇش ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقانداق روھىي بېسىم ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىپ ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان بولۇش كېرەك .

**كامىل مۇستاپا :** مېنىڭچە ، ياپونىيىدە ئوقۇش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىساد (قەرز ئالسىمۇ بولىدۇ ) ،ئۆگىنىش ۋە ئەمگەكنى ياخشى كۆرىدىغان (ھورۇن ئەمەس )ئالاھىدىلىك بولۇش لازىم .

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت :** بىزمۇ باشقىلار قىلغاننى قىلالايمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئۆتكىلى ئەڭ مۇھىم .ياپونچە بىلىپلا قالماستىن ئىنگلىزچىنىمۇ بىلىش كېرەك .

**ھىمىت سىدىق :** غەيرەت ۋە غۇرۇر بولۇشى كېرەك .

**غەيرەت توختى كەنجى :** ئۆزىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرمەسلىكى ۋە يۇقىرىمۇ كۆرمەسلىكى، ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئاندىن ئىنچىل ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق كېرەك.

**جۈرئەت توختى كەنجى :** مېنىڭچە، ياپونىيە شارائىتىدا ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىدە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك ئىنگلىز تىلى ياكى ياپون تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلىشى كېرەك. ئاندىن ياپونىيىدە بىرەر يىل ياشىيالىغۇدەك ئىقتىساد توپلىشى كېرەك. چۈنكى بىر يىلدا كېيىنكى ئوقۇش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. ياپونىيىدە تىرىشقان ئادەملا ئۇزۇپ چىقالايدۇ.

**قۇتلۇق سابىت :** بۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. پەقەت ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالىدا بولسىڭىز ئاز-تولا ياپون تىلى ئىگىلەپ ئىشلىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشپەزلىك، سودىگەرلىك دېگەنلەردەك. يەنە زاۋۇتلاردا ئىشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىدە تۇرمۇش كەچۈرىمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنداقتا، ياپون تىلىدىن باشقا ئىنگلىز تىلىنىمۇ تولۇق ئىگىلەپ، كەسپتىمۇ پۇختا بولۇشىڭىز كېرەك. ياپونىيىدە ئوقۇيمەن دېسىڭىز ئالدى بىلەن تىل مەسىلىسىنى ھەل قىلىڭ. ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئىگىلەپ قويۇڭ. ئىشلىرىڭىز ئاستا-ئاستا يۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** ياپون تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلىش بىلەن بىرگە ياپونلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئىگىلەپ قويۇش كېرەك. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغانغا ئۆلۈپ قالمايسىز. ئەمما ياپونلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. يات بىر ئەلگە چىققان ھەر بىر ئۇيغۇر باشقا قېرىنداشلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ شۆھرىتىگە ۋە مىللىتىنىڭ ئابرويىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. مەن يولدىن چىقمىدىم، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم، كىشىگە بوزەك بولمىدىم، بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇپ غۇرۇرۇم بىلەن ياشىدىم.

**AY :** قىيىنچىلىق ۋە ھەرقانداق دەرد-ئەلەمگە چىدايدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك.

## 6. ۋەتەندىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ياپونلار بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ قارايدۇ. سىز بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزدىن ئۆتكۈزدىڭىزمۇ؟

**فەرىدە ئابلىز :** بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس. لېكىن شۇنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ياپونلار تىرىشچان ئادەمنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

**كامىل مۇستاپا :** بۇ بىرتەرەپلىمە گەپ. ياپونىيىدە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنى بىلمەيدىغانلار كۆرمىڭ.

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت :** مەن ئۆگەپكە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. مەن «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەن تەمسىلنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ھەر قانداق مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزى ئەتىۋارلايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، ياپونلارمۇ شۇنداق. ئۇلار بىزنى تازا چۈشەنمىگەچكە بىزگە قىزىقسا كېرەك. چۈشەنمىگەن نەرسىگە قىزىقىش نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە.

**ھىممەت سىددىق :** ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ياپونلار بىزدىن بەكرەك يىپەك يولىغا قىزىقىدۇ. ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدىغانلار جۇڭگودا بىزدەك مىللەتنىڭ بولغانلىقىغا قىزىقىدۇ. ياپونلاردا ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىپ ئامراقلىق قىلغۇدەك تونۇش تېخى شەكىللەنمىگەندۇ. ياپونلاردا ھەممەيلەنگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىش ئادىتى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار «ياپونلار بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ خاتا ئۇقۇمغا ئىگە بوپقالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بىزنى يامان كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىق.

**جۈرئەت توختى كەنجى :** بۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ. شۇنىسى ئېنىقكى، ياپونلار ھارماي-تالماي تىرىشىدىغان ھەرقانداق ئىرق ۋە مىللەتنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

**قۇتلۇق سابىت :** بۇ گەپنى مەنمۇ ئاڭلىغان ياپونلار ئۇيغۇرلارنى ئەمەس Silk Road (يىپەك يولى) نى ياخشى كۆرىدۇ دېسەك مۇۋاپىقمىكىن. بىزنى ياخشى كۆرۈدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار بىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇنى ئويلىنىپ كۆرگەنلەر بارمىدۇ؟ بەلكىم ئۇلار بىزنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىن كەلگەن ئىقتىسادى ئاجىز خەلق دەپ ياكى يىپەك يولىدىن كەلگەن دەپ ھېسداشلىق قىلار. ياپونلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئوساللىرى بەك ئوسال، ھەممىسى بىز تېلېۋىزوردا كۆرگەندەك ئەمەس. مەسىلىگە ئىككى تەرەپتىن قارىغان تۈزۈك. ماڭىمۇ ياردەمدە بولغان ياپونلار ئاز ئەمەس. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن بولغان. دېمەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئادەمگىلا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر قېتىم ئۇلارغا يالغان سۆزلەپ چېنىپ قالسىڭىز، ئۇلار سىزگە مەڭگۈ ئىشەنمەيدۇ. يېقىندىن بۇيان ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەرخىل ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ياپونلارنى ئالداش ۋە ئوقۇتقۇچىغا يالغان سۆزلەش دېگەندەك مەسىلىلەر كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇ ھامان كېيىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** شۇنداق. ياپونلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنى يەنى تۈركىي مىللەتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. سەۋەب، ياپونلار يىپەك يولىغا قىزىقىدۇ. مەن ھەر يىلى ياپونىيىلىك ساياھەتچىلەرنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە ۋەتەنگە بېرىۋاتىمەن. ئۇلار خۇددى ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىغا كەپقالغاندەك بولۇۋاتىمىز دېيىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ دەپ سوئال قويۇشىدۇ.

**AY :** بۇ بىر ئەخمىقانە قاراش. ئۇلار بىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، خالاس. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم پەزىلەتلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتىم.

## 7. ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سىز ئەڭ قايىل بولغان ئېلېمېنت نېمە؟ سىز ياقتۇرمىغان ئېلېمېنتلارمۇ بارمۇ؟

**فەرىدە ئابلىز:** ياقتۇرىدىغىنىم شۇكى، ئۇلار ئەستايىدىل، تىرىشچان ۋە راستچىل. ياقتۇرمايدىغىنىم شۇكى، ئۇلار ئۆز كۆزقارىشىنى ئېنىق ئېيتمايدۇ.

**كامىل مۇستاپا:** ياپونلارنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئۇلار بىر ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ.

**ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:** مەن كۆپلەرگە ئوخشاشلا ياپونلارنىڭ سەمىمىيلىكى، ئەستايىدىللىقى، جاپاغا چىداش روھى، كەمتەر ھەم ئەمگەكچانلىقىغا بەكمۇ قايىل بولدۇم. بۇ بەلكىم تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

**ھېمىت سىدىق:** مەن ئۇلارنىڭ ياماتوخىسلىتىنى، يەنى ئۆز مىللىتىنى، ئۆز دۆلىتىنى باشقىلاردىن تۆۋەن قويۇشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ بىلىدىغان ئىرادىسىنى ياخشى كۆردۈم. ئۇلار كىچىككىنە ئارالدا ياشىغاچقىمىكىن، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئەمەس.

**غەيرەت توختى كەنجى:** مېنى قايىل قىلغىنى ياپونلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەمكارلىشىش روھى. مەن ياپونلارنىڭ gambattene (تىرىشقىن) دېگەن گېپىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ياپونىيە جەمئىيىتى تىرىشچانلىق ئارقىلىق يارىتىلغان.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدە مېنى ئەڭ قايىل ئىككى نەرسە بار: بىرى ئەستايىدىللىق، يەنە بىرى ئۇزۇقلىنىش ئادىتى. ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقى جاھىللىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بىر ئىشقا جاھىللىق بىلەن كىرىشىپ، چوقۇم نەتىجە چىقىرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى روھنى ئۆزىمىزگە يۇقتۇرساق، كەلگۈسىدە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى چوقۇم ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**قۇتلۇق سابىت:** ياپونلارنىڭ تىرىشچان، ئىنتىزامچان روھى مېنى قايىل قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولۇپ، ۋەيران بولغان بىر دۆلەتنىڭ خەلقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ، دۇنيادا تەرەققىي تاپقان ئىككىنچى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت بوپقالدى. بۇ، تىرىشچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىقنىڭ مەھسۇلى. مەن ئۇلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتىنى ياقتۇرمايمەن. بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى بىرلىكتە مۇنچىغا چۈشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلارمۇ خىجىل بولماي دادىسى بىلەن بىرگە دوش مۇنچىغا چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى دادا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن باشقا ھەرقانداق بىر ئەل ئادىمىنىڭ بۇنى توغرا تاپقىنىنى كۆرمىدىم. يەنە بىرى ياپونلارنىڭ ئىچى تار، بۇنى بىرلىكتە خىزمەتتە بولسىڭىز بىلىسىز. ئېشىپ كەتسىڭىز ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئەگەر سىز ئادەتتىكى خىزمەتچى تۇرۇپ، باشلىقىڭىزدىن ياخشىراق كىيىپ قويسىڭىز سىزنى ئاسانلا ئوڭشاپ قويىدۇ.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** ياقتۇرىدىغىنىم: تىرىشچانلىقى، ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقى، تەتقىقات ئىشلىرىدىكى سەمىمىيلىكى ۋە ئىنچىكىلىكى. ئەمما ياپونلار ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلاردىكى يالغۇزلۇق، زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىك، ھېسسىياتسىزلىق، روھىي بېسىم، خۇنۇكلۇك قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان رېئاللىقنى مەن ياقتۇرمايمەن. ئەرلەر ئەرلەردەك ياشىشىنى يوقاتقان، ئاياللارمۇ ئاياللارغا خاس گۈزەللىككە ئىنتىلىشنى يوقاتقان. ئاياللار پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتىكى ياخشى ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇماقتا. باللاردا پۇل ئۈچۈن دەيدىغان بىرتەرەپلىمە قاراش ئېغىر، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە جىنايەت سادىر قىلىش كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

**AY :** مېنىڭ ياقتۇرغىنىم ياپونلارنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان سادىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى. لېكىن ئۇلارمۇ ئىنسان بولغاندىكىن، بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس.

## 8. ياپونلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ بارمۇ؟ سىزنىڭچە ئۇلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن يات مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان؟

**فەرىدە ئابلىز:** ياپونلارنىڭ ئەدەبلىك، سىلىق-سىپايە قائىدە-يوسۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ بۇ قائىدىلىرى يىمىرىلىشكە باشلاۋېتىپتۇ.

**كامىل مۇستاپا:** سالام-سەھەت ئادەتلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارايمەن. لېكىن ھازىر شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سالام-سەھەت قائىدىلىرى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ.

**ھېمىت سىدىق:** ياپونلار مەدەنىيەتلا بولسا ئەنئەنىۋى ياكى يات دېمەستىن قوبۇل قىلىشقا ماھىر.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** مېنىڭچە، شەرقىي ئاسىيا كىشىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونلارنىڭ بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان يېرى يوق دەپ قارايمەن. ئوخشاشلىقى بار دېيىلسە، تىللىرىمىزنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىسى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىق ھەمدە بىزنىڭ خەنزۇ يېزىقىنى تونۇشىمىز ياپون تىلىنى تېزراق ئۆگىنىشىمىزگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

**قۇتلۇق سابىت:** ياپون ئاياللىرىنىڭ ئەرلىرىنى چوڭ بىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەبسىزلىك قىلمايدۇ. لېكىن توكيودا ئەھۋال باشقىچە.

توكيولۇقلارنى ياپونلارنىڭ ئۆزىمۇ گۇسال دەپ تىللايدۇ. ياپونلارنى يات مەدەنىيەتلەرنى بەكمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ دېسەك بولىدۇ، ياشلىرى تېخىمۇ شۇنداق. بىراق ئەنئەنىۋى بايراملاردا ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايراملىرىدا ئەقەللىيسى دوپپا كىيىشنىمۇ ئېسىگە ئالمايدۇ. شۇڭا ياپونلارنى ئۆز ۋە ئۆزگە مەدەنىيەتنىڭ پەرقىنى ياخشى ئايرىۋالغان دېيىشكە بولىدۇ.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** ياپونلارنىڭ ئەخلاق قائىدىلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ياپونلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار يات مەدەنىيەتنىمۇ ھۆرمەتلەپ قوبۇل قىلىدۇ. ھەيران قالغىنىم شۇكى، قوبۇل قىلغانغا 100يىل بولغان يات مەدەنىيەتنى باشقىلارنىڭ دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئىززەت قىلىدۇ.

**AY:** ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاشقا ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**9. سىز ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى مىللىي سالاھىيىتىمىز ھەققىدە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟**

**فەرىدە ئابلىز:** ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيۈشىمىز ۋە ئۆز مىللىتىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك ئىكەن.

**ھىممەت سىددىق:** ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، ئىنسانىي قەدىرىيىتىمىزنى ساقلاپ تۇرساقلا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىمىز ئۆسىدۇ.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** مېنىڭچە، نۇرغۇن ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر ئۇيغۇر دېگەننى بىلمەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ يېقىن تارىختىن بېرىقى ئەۋلادلار ئۇنداق قىلالمىدۇق. ياپونىيىدە ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇنلاردا ئاجايىپ تىرىشچانلىقلىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاس ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇتۇۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن بۇلارنىڭ سانى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سانىغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياپونىيىگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى ئۇنىڭغا يەتسە ۋە بۇلار ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسە مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا مەلۇم دەرىجىدە تۆھپىسى بولۇشى مۇمكىن.

**قۇتلۇق سابىت:** سىز ياپونىيىدە ئۆزىڭىزنى «مەن جۇڭگولۇق» دەپ تونۇشتۇرسىڭىز، ئاڭلىغانلار ئىشەنمەيدۇ. «ياق، مەن ئۇيغۇر، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلدىم» دېسىڭىز كۆپلىرى بىلمەيدۇ. كۆپلىگەن ياپونلار «جۇڭگو» دېسە خەنزۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭمۇ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ يەنىلا تەشۋىقات مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** مەن كۆپلىگەن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدەك مەدەنىيەتنىڭ يوقلۇقىنى، سەنئىتىمىزنىڭ بولسا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىراق بۇنى بىلىدىغانلار يوق ھېسابتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى ۋە كەلگۈسىگە ساختا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خەتەرلىك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. مىللىي مائارىپىمىزنى جىددىي تەرەققىي قىلدۇرمىساق بولمايدۇ.

**10. سىزنىڭچە «پالانى مىللەت ياكى دۆلەت بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن قاراش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟**

**فەرىدە ئابلىز:** باشقىلاردىن پاناھ تىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ.

**كامىل مۇستاپا:** بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئىبارەت.

**ھىممەت سىددىق:** ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى ياساش، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

**غەيرەت توختى كەنجى:** بۇ، ئۆزى تىرىشماستىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىنى كۈتۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ بەختى ۋە كېلەچىكىنى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا يارىتالايدۇ. ئۆزى تىرىشمىسا باشقىلار ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن، ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** بۇ، يارامسىزلار-نىڭ قارىشى. بىز باشقىلار بىزنى ياخشى كۆرگۈدەك بىرەر ئىش قىلالىدۇقمۇ؟ پەقەت ئاجىزلارلا ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللىي بېرىدۇ. ھازىرقى شارائىتتا ئاجىزلارنى ياخشى كۆرىدىغان دۇنيا مەۋجۇد ئەمەس.

**قۇتلۇق سابىت:** بۇ ئۆز-ئۆزىنى گوللاپ، ئاۋۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك باللارچە روھىي ھالەت.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** بۇ بىرخىل موھتاجلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەنلەرنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

**AY:** بۇ ئۆز-ئۆزىنى ئەخمەق قىلىشتىن ئىبارەت. باشقىلار سىزنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆچ كۆرىدۇ.

**11. ئەگەر بىرسى ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشاش تېپىك شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلدى دەپ سورىسا، نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىڭىز؟**

**فەرىدە ئابلىز:** ساختىلىقتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

**كامىل مۇستاپا:** ياپون خەلقى ھەممە ئىشتا

ئەستايىدىل بولغانلىقى ئۈچۈن دەيتتىم.

**ھىممەت سىددىق:** ئۆز دۆلىتىنى ھەقىقىي سۆيگەنلىكىدىندۇر. دۆلەت بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ھەل قىلىنغانلىقىدىندۇر.

**غەيرەت توختى كەنجى:** ياپونلارنىڭ ھارماي-تالماي ئىشلەش روھى بىلەن خەلقئاراغا يۈزلەنگەنلىكىدىن بولغان.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** بۇنىڭ ئىككى ئامىلى بار: بىرى ياپونلارنىڭ قەتئىي روھى، يەنە بىرى پەن-تېخنىكىنىڭ دۆلەتنى كۈچلۈك قىلىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى 100يىل بۇرۇنلا تونۇپ يېتىشى. ياپونىيە دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ پەن-تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، يۇقىرى دەرىجىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى 100يىل بۇرۇنلا يولغا قويغان. بۇ خىل مائارىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىشكە باشلىغان.

**قۇتلۇق سابىت:** 7-سوئالغا بەرگەن جاۋابىمنى تەكرارلايمەن.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** ياپونلار تۇغۇلۇپلا تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنسان كۆرمىگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ دەردىنى تارتتى. ئەينى ۋاقىتتا ياپون خەلقىمۇ يالغۇز قالغانىدى، قايسىدۇر بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ھېسداشلىقىغا موھتاج ئىدى. ئەمما ياپونلارنىڭ قېنىدا بىرسىگە يالۋۇرۇدىغان ئامىل يوق. شۇ چاغدا ئەڭ چەتكە قېقىلغان بۇ مىللەت لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ خەپ دەپ تىرىشتى ۋە دۇنيا خەلقىگە ئۆز ئىرادىسىنى تونۇتتى. ئۇلار قورال بىلەن ئەمەس، بىلىم بىلەن ئۇتۇپ چىقتى. قىسقىسى، ياپونلار جاپا، قىيىنچىلىق، ئازاب نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتى دەپ جاۋاپ بېرىمەن.

AY: جاۋاب شۇ: 1. ياپونىيە بۇندىن 100يىل بۇرۇن ئىلغار ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلدى. 2. ياپونلار مەسئۇلىيەتچان ۋە تىرىشچان خەلق. 3. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.

## 12. سىز تۇرغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرى ئۈستىدە سىزنى قايىل قىلغان ئامىللار قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

**فەرىدە ئابلىز:** ئوقۇغۇچىنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىشىنى قوللايدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم تەتقىقاتىم توغرىلىق مەسلىھەت سورىسام ياردەم پىكرىنى بېرىدۇ، ھەرگىز بىۋاسىتە قول سېلىپ ئارىلاشمايدۇ. مەكتەپ تۈزۈمى بەك چىڭ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلمىسا (ئەلۋەتتە ئىنگلىز تىلىدا) دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلمەيدۇ.

**كامىل مۇستاپا:** ياپونىيەدە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ھەممىدىن ئۈستۈن. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىمۇ ئۈستۈن.

**ھىممەت سىددىق:** مەكتەپنىڭ سەۋىيىسى ۋە نام - شۆھرىتى شۇ مەكتەپتىكى پروفېسسورلارنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا كەسىپ ئەھلى مەكتەپنىڭ ھەقىقىي خوجىسى بولالايدۇ.

**غەيرەت توختى كەنجى:** مەكتەپلەردىكى مۇھىم ئىشلارنى مەكتەپتىكى مەمۇرىي خادىملار ئەمەس، پروفېسسورلارنىڭ كېڭىشى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا.

**جۈرئەت توختى كەنجى:** مەكتىپىمنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈزۈملىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن. لېكىن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا مەكتەپ ۋە دۆلەتنىڭ ئايىماي مەبلەغ سېلىشى مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتسام، ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تەتقىقاتقا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قانچىلىك قىممەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتقۇچۇم بىر-ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا تەجرىبىخانىلارغا تەل قىلىپ بېرەتتى. قانچىلىك قىممەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىدى. ئەگەر 10-20تۈمەنلىك (بىرىپىرىم تۈمەن خەلق پۇلىغا تەڭ كېلىدۇ) نەرسە بولسا ئوقۇتقۇچىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپ ئۆزۈم زاۋۇتتىن بىۋاسىتىلا ئەكەلدۈرەتتىم. فاكۇلتېتلار ئارا تەتقىقات جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ كۈچلۈكلىكى مېنى قايىل قىلغان يەنە بىر ئىشتۇر. ئەگەر تەجرىبە نەتىجىلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۈسكۈنىسىدە ئۆلچەش شارائىتى بولماي قالسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باشقا فاكۇلتېتنىڭ ئۆلچەش ئۈسكۈنىسىنى خالىغانچە ئىشلىتەلەيتتىم.

**قۇتلۇق سابىت:** مەن تۇرغان مەكتەپ خۇسۇسىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردە ئىشلەپ، پېنسىيىگە چىققانلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھەرقايسى چوڭ شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورلىرىمۇ بىزگە ئەمەلىيەتتىن دەرس بېرىدۇ. ھازىرقى ئىشخانامدىمۇ ئايرىم ئۈستەل ۋە تەتقىقاتقا لازىم شارائىتلىرىم تەل. ئىشخانىمنى كېچە-كۈندۈز ئىشلىتەلەيمەن. ئىنتېرنېتتىن سۆز ئاچمىساممۇ بولار. زۆرۈر بولغان كىتاب ۋە ماتېرىياللار كۇتۇپخانىلاردىن تېپىلماي قالسا دەرھال سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دوكتور ئۇنۋانى ئالغانلار، كۆپلىرى ياۋروپا، ئامېرىكىلاردا ئوقۇغان. ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئۇچۇر سۆزلەيدۇ، كېرەكلىك كىتابلارنى ئۆزىمىز ئوقۇۋالىمىز.

**سەلتەنەت ئىبراھىم:** مېنى قايىل قىلغىنى مەكتەپلەردىكى مەقسەتلىك، ئەركىن ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش مېتودى. دەسلەپتە نېمىدېگەن باشباشتاق ئوقۇش بۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. كېيىنچە بۇنىڭ سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنى سولىۋېلىپ، ئۇنۇمى بىلەن كارى يوق ھالدا مەجبۇرلاپ ئوقۇتۇشتىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ياپونىيەدە 30خىل دەرسنىڭ ئىچىدىن سىز ئۆزىڭىز خالىغان كەسىپنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. بۇ سىز خالاپ ھەم قىزىقىپ ئوقۇغان كەسىپ بولغاچقا نەتىجە چىقىرالايسىز. بۇ يەردە بالىلارغا باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ جەمئىيەتنى

ھەم قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل ياشاش ئادىتى بالىلىقتىن تارتىپ يېتىلىدىكەن.

AY : ياپونىيىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئورنىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى باشقۇرمايدۇ. ھەقىقىي مەكتەپ شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم. مەكتەپنىڭ تۈزۈمىدە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىگەندە كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا چايناپ يېگۈزۈپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

## 13. ياپونىيىگە كېلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئويلاش ئۇسۇلى ھەققىدە نېمىلەرنى بايقىدىڭىز؟

**فەرىدە ئابلىز :** مەسىلىلەرنى ئويلاش دائىرەم كېڭەيدى.

**كامىل مۇستاپا :** خام خىيال قىلمايدىغان بولدۇم.

**ھىممەت سىددىق :** ئۆزۈمدە خامىلىق، بوشاڭلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئىشەنچسىزلىك ئىللەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم.

**جۈرئەت توختى كەنجى :** بۇ جاۋاب بېرىش تەس بىر سوئال بوپتۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلاش ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىشى تەس ئىش. لېكىن مەن ياپونىيىگە كېلىپ نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، روھىي جەھەتتىن يېتىلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ھەر قېتىم ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ بۇرۇنقى پىكىرداش دوستلىرىم بىلەن پاراڭلاشسام، پىكرىمىزنىڭ بىرىيەردىن چىقمايۋاتقانلىقىنى، ئارىمىزدىكى يىراقلىقنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

**قۇتلۇق سابىت :** سوئاللىرىڭىز بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتامدۇ-قانداق؟ (چاقچاق). بۇرۇن بىز بىر ئىشقا ئۆلۈك باھا بەرگەن بولساق، ياپونىيىدە مول ئۇچۇرلار ئاساسىدا ھەر تەرەپلىمە باھا بېرىشنى ئۆگىنىدىكەنمىز.

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** بىزدە «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماپتۇ» دېگەن بىر گەپ بار. مەن بۇرۇن ياشايتتىم، لېكىن ئويلانمايتتىم. ياپونىيىگە كېلىپ ياشاش قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نەدە، ۋاقىتنىڭ قىممىتى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىغاندا، بۇ مەندىكى ئۆزگىرىش بولسا كېرەك.

## 14. سىزنىڭچە، ياپونىيە مائارىپى بىلەن بىزنىڭ مائارىپىمىزنى قانداق سېلىشتۇرۇش كېرەك؟

**فەرىدە ئابلىز :** ياپونىيە مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى بويىچە راۋاجلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن.

**جۈرئەت توختى كەنجى :** ياپونىيىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى مەن ئانچە ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى بالىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىمىز دەپ بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە مەيلىگە قويۇۋېتىدىكەن. ئەمما ۋەتىنىمىزدىكى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ يۈكى بولسا زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

**قۇتلۇق سابىت :** مەن بۇيەردە ئالىي مائارىپ ئۈستىدە گەپ قىلماقچى. بىزنىڭ مائارىپىمىزدا كىتاب ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمەلىيەت ئاز. ياپونىيىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ياپونىيىنىڭ مائارىپ مەبلىغى كۆپ. دەرسنى قايسى فاكۇلتېتتا ئاڭلاش بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئىككى مائارىپنى مىللىي مائارىپ ۋە دۆلەت مائارىپى دەپ سېلىشتۇرساق مۇۋاپىق دەپ ئويلايمەن.

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىسا كېرەك. مائارىپ دېگەن بىر جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. ياپونىيىدە مائارىپنى ھۆكۈمەتتىن تارتىپ پۈتكۈل كۈچ قوللايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مائارىپچىلارنىڭ ئورنى جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرى، ئۇلار يۇقىرى مائاشقا ئىگە ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى بار.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى سوئالغا كۆپلىرى جاۋاب بەرمەي ئورۇننى ئاق قالدۇرغان.

## 15. ياپونىيىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا دائىر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇن خاراكتېرلىك كۆزىتىشلىرىڭىز بارمۇ؟

**فەرىدە ئابلىز :** يوق.

**ھىممەت سىددىق :** ھەممە ئوقۇغۇچى ئوخشاش فورما كىيىدۇ، ئوخشاش يەيدۇ، باراۋەر پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، كوللېكتىپ روھنى تەكىتلەيدۇ.

**جۈرئەت توختى كەنجى :** قانۇنىي كۆزىتىشىم يوق. ياپونىيىدە مەجبۇرىيەت مائارىپى پۈتۈنلەي ھەقسىز. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ داۋالىنىشىمۇ ھەقسىز. بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگۈچە يەرلىك ھۆكۈمەت ئايدا بۇ بالا ئۈچۈن 5000 يېن (300 يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلى) سۈت پۇلى بېرىدۇ. (بۇ پۇلغا كۈنىگە بىر كىلوگرام سۈت سېتىۋالغاندا، بىر ئاي راۋرۇس يېتىدۇ. — ئا) ياپونىيىدە دەرسلىك كىتابلارمۇ ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش خىراجىتى خېلى قىممەت. لېكىن ئوقۇش پۇلى تۆلىيەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يۆلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش، قەرز بېرىش. قەرزنى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قايتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆكۈمەت خادىمى ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ بەش يىل ئىشلىسە بۇ قەرز ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ.

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** ياپونىيە مەجبۇرىيەت مائارىپىدا تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىغىچە ئاتا-ئانىلاردىن بىر تىيىنمۇ ئالمايدۇ، پەقەت چۈشلۈك تاماقنىڭ پۇلى ئېلىنىدۇ. دۆلەتئىچى ساياھەتنى ئۇيۇشتۇرۇلسا بۇنىڭ چىقىمى

ئاتا-ئانىلاردىن ئېلىنىدۇ .بۇنىڭدا قەدىمقى شەھەرلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىلىپ ،ياپونىيە تارىخىدىن ئەمەلىي دەرس ئۆتىدۇ . تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا ئوقۇغۇچىلارنى چەتئەللەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ياپونىيىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . دۆلەتنى سۆيۈش تەربىيىسى بېرىدۇ . ھەيران قالارلىقى ، بالىلار يەتتە ياشقا كىرگۈچە دۆلەت ئېيىغا بەش مىڭ يېنىدىن ياپون پۇلى بېرىدۇ .

### 16.سىز ئوقۇتقۇچىڭىز بىلەن بولغان ئالاقىدىن رازىمۇ؟ ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

**فەرىدە ئابلىز :** بەك رازى . مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم پۇتكۇل ئۆمرىنى كەسپكە بېغىشلىغان داڭلىق مىكروپشۇناس بولۇپ ، بەكمۇ ئەستايىدىل ، تەلەپچان ،كۆيۈمچان ئايال .ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى مېنى ئەڭ قايىل قىلغان ئوقۇتقۇچى .

**كامىل مۇستاپا :** رازى . ئوقۇتقۇچۇم كەچكىچە بىر نېمە ئۆگىتىمەن دەپ سىنىپقا سولىنىۋالمايدۇ ، بەلكى ئۆزلىكىمدىن ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ .

**ھىممەت سىددىق :** رازى . مەكتەپنى ئۆز ئۆيىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ . ئۆز خىزمىتىگە ساداقىتى كۈچلۈك .

**جۇرئەت توختى كەنجى :** مەن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن 80پىرسەنت رازى . ئۇ مېنىڭ تەتقىقاتىم ئۈچۈن يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بەردى .مەن ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن ماڭا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇپ يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم .لېكىن بۇ كىشى بەك ئالدىراش بولغاچقا ،تەتقىقات دوكلاتىمنى بېرىدىغان چاغدا ئايدا بىر قېتىم كۆرەلەيمەن .دېمەك تەتقىقات جەريانىدا تەس مەسىلىگە دۇچ كەلسەم ئۇنى تاپالمايتتىم .

**قۇتلۇق سابىت :** رازى : ئۇ كۆندە كېلىدۇ . يوق ۋاقتىدا ئېلخەت (E — mail)يوللىسام جاۋاب بېرىدۇ . ئۇ ئۆز كەسپىنى بەكمۇ سۆيىدۇ . ئىشى تۈگىمىسە مەكتەپتىن قايتمايدۇ ، ھەتتاتەتىلدىمۇ دەم ئالمايدۇ .يېشى 60لاردا بار . قېرىپ قالدىم ، تاپقىنىمنى يەپ ياشاي دېمەيدۇ . ئۇ ئۆزىگە يارىغان يېڭى كىتابلارنى بىزنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشىمىزگە تەۋسىيە قىلىدۇ .تەلىپى قاتتىق ، ئاچچىقى يامان . ئۆگىتىشكە كەلگەندە ناھايىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ .

**سەلتەنەت ئىبراھىم :** شۇنداق رازى . ئۇ ماڭا :ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك ، ئىشىنىش بولمىسا ھايات ياشىغاننىڭ مەنىسى يوق ، دەپ تەربىيە بېرىدۇ . ئۇنىڭ يېتىپ يېسىمۇ بىر ئۆمۈر يېتىدىغان ئىقتىسادى بار تۇرۇقلۇق قاتتىق ئىزدىنىدۇ . 50ياشتىن ئاشتىم ،دەم ئالىمەن دېمەيدۇ .ئۇ ، ئادەم ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۆگىنىشى لازىم ، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەتتا ياپونلارمۇ قايىل .مېنىڭ مەكتىپىم مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ .نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارمۇ كۆپ .مەن ئۇستازىمنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمەن . يولدىشىم ئەخمەتجان ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك يۈكسىلىشىمىزگە شۇ مۇئەللىم سەۋەبچى بولغان .

### 17.ئانا تىلىڭىزدىن باشقا قايسى تىللارنى بىلىسىز؟ چەت ئەل تىللىرى ئۆگىنىش جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

**فەرىدە ئابلىز :** خەنزۇ ، ئىنگلىز ،ياپون تىللىرىنى بىلىمەن . تىل ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ياخشى ئۇسۇل يوق . سىز شۇ تىلغا موھتاج بولغاندا ئەڭ تېز ئۆگىنەلەيدىكەنسىز .

**ھىممەت سىددىق :** ئانا تىلىمدىن باشقا خەنزۇ ،ياپون ،ئىنگلىز ،رۇس تىللىرىنى بىلىمەن . تىل ئۆگىنىش جاپالىق بولسىمۇ ، باشقا تىلدىكىلەر بىلەن مۇڭدىشىش خۇشاللىنارلىق ئىش .

**غەيرەت توختى كەنجى :** خەنزۇ ،رۇس ، ئىنگلىز ،ياپون تىللىرىنى بىلىمەن .مەن ئۆز ئانا تىلىمنى يېڭى يېزىقتا ئۆگەنگەنىدىم .ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىنى كونا يېزىقتا بەردىم . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىر خىل تىلنى ئىككى خىل يېزىقتا ئۆگەندىم . ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن دادامنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىماي بەش يىل ئۆزلىكىمدىن رۇس تىلى ئۆگەندىم . بىراق ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى .ياپونىيىگە كېلىشنىڭ ئالدىدا ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى باشلاپ ، كەلگەندىن كېيىن ئىنگلىزچە بىلەن ياپونچىنى تەڭ ئۆگەندىم . ھازىر ئىنگلىزچە ،ياپونچە ۋە خەنزۇچە كەسپىي ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايمەن .

**جۇرئەت توختى كەنجى :** مەن ئانا تىلىمدىن باشقا ياپون تىلىنى بىلىمەن ، بۇ ئەلۋەتتە ياپونىيىدە ياشاش ۋە خىزمەت قىلىشتىكى قورال . ئىنگلىز تىلىدا ئۆز كەسپىمگە دائىر ماقالىلاردىن يېتەرلىك پايدىلىنالايمەن .لېكىن راۋان سۆزلىيەلمەيمەن .شۇڭا ھازىرمۇ ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن .مېنىڭچە ،چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەندە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىش كېرەك . دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئۆگىنىش كېرەك .دىققەت مەركەزلەشمىگەندە ۋاقىت ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ كېتىپ ئويلىغان نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ .

**قۇتلۇق سابىت :** ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا خەنزۇ ،ياپون ،ئىنگلىز تىللىرىنى بىلىمەن . تۈركچىنىمۇ ئاز-تولا بىلىمەن .ياپون تىلىنى ۋەتەندىكى چېغىمدا ساۋاتىم چىققۇدەك ئۆگىنىپ ، قالغىنىنى ياپونىيىگە كېلىپ ئۆگەندىم . كۆپلىگەن ۋاقتىمنى ئاڭلاشقا سەرپ قىلدىم . مەن بىر نەرسە يادلاشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن ، شۇڭا ئاڭلاپ ئۆگەندىم دېسەممۇ بولىدۇ .ئىنگلىز تىلىنى بۇيەردە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئۆگەنگەن .لېكىن بۇ ماڭا خېلى تەس كەلدى .بۇ جەرياننى يازسام بىر كىتاب بولىدۇ .تۈركچىنى قىزىقىش تۈپەيلى ئانچە-مۇنچە ئۆگىنىپ قويغان ،شۇڭائازراق سۆزلىيەلەيمەن .تىل ئۆگىنىش ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزگىچە ئىش .مەن

ئاڭلاپ ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم: مەن خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى ۋە ئاز-تولا رۇس تىلى بىلىمەن. مېنىڭچە، تىل ئۆگەنگەندە تۆۋەندىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. چوقۇم شارائىت كېرەك. 2. شۇ تىلنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتىڭىز ئېنىق بولۇشى كېرەك. 3. خىجىل بولماسلىق كېرەك. 4. ھەم قارىغۇلارچە ھەم چۈشىنىپ يادلاش كېرەك. 5. يادلىغان نەرسىنى خاتا بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش كېرەك. 6. رىقابەت روھى بولۇش كېرەك. مەن ھازىر ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. مەن ياپون تىلى ئۆگەنگەندە سۆزلەر يېزىلغان كىچىك كارتىلارنى ئاشخانا، ياتاق ۋە ئۆگىنىش ئۆيۈمنىڭ تېمىغا چاپلىغانىدىم، كۈنىگە 50 سۆز يادلىغانىدىم. شۇ چاپانىڭ راھىتىنى ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن.

**18. ئانا تىل ۋە چەت ئەل تىللىرىنىڭ مائارىپىمىزدىكى ئورنى ھەققىدىكى قىياسلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

فەرىدە ئابلىز: ھازىر بەزى كىشىلەر «بالا ئانا تىلىدا ئوقۇسا نان تېپىپ يېيەلمەيدۇ» دەپ قارايدىغان بوپقالدى. مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىك. چەت ئەل تىللىرىنى ئانا تىلنى پىششىق بىلىش ئاساسىدا ئۆگىنىش كېرەك.

كامىل مۇستاپا: تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مائارىپتا ئۆز ئانا تىلىنى ئاساس، چەت ئەل تىللىرىنى يانداش ئۆگىنىپ تەرەققىي قىلغان.

**19. سىزنىڭچە، ئۇيغۇر مائارىپى نېمىلەرگە دۇچ كەلمەكتە؟ تېخنولوگىيە ۋە ئۇچۇرنىڭ تەرەققىياتى بىز ئۈچۈن قانداق خىرىسلارنى تەييارلىدى؟**

جاۋاب يوق.

**20. ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك تۈزۈلۈشىدىن بىزنىڭ دەرسلىك پروگراممىمىزغا قانداق نەزەر تاشلاش كېرەك؟**

فەرىدە ئابلىز: مەن ياپونىيىنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقمىغاچقا، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

كامىل مۇستاپا: ياپونىيىنىڭ دەرسلىكلىرىدە دوگما نەرسىلەر ئاز، ئاڭنى ئاچىدىغان مەزمۇنلار كۆپ.

جۈرئەت توختى كەنجى: ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى زامانغا ماسلاشقان بولۇپ، دۇنيادا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرساھە يېڭىلىقلىرى دەرھال دەرسلىكتە ئەكس ئېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۇچۇرلاردىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولالايدۇ. بىر دەرسلىك ئون-يىگىرمە يىل ئۆزگەرمىسە، ئۇنى ئوقۇپ چىققانلار دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە قانداقمۇ ماسلىشالىسۇن!

قۇتلۇق سابىت: بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز بېكىتىپ قويۇلغان بولىدۇ. ياپونىيەدە دەرسلىكنى ئوقۇتقۇچى ئۆزى تاللايدۇ.

AY: ياپونىيە دەرسلىكلىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىزنىڭ دەرسلىكىمىز ئۆلۈك يادلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ نوپۇزىغا بويسۇنمىسا بولمايدۇ، ئوقۇتقۇچى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاغزىغا قارىمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**21. «بۇندىن كېيىن ھەققىي بايلىق يەر، ئەمگەك ياكى كاپىتال ئەمەس، بەلكى بىلىمدۇر» دېگەن قاراش تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئومۇمىيۈزلۈك قارىشىغا ئايلىنىپ بولدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟**

كامىل مۇستاپا: ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزدە بار ئالاھىدىلىكنى قېزىشىمىز لازىم.

ھىممەت سىددىق: تىرىشىپ پەن ئىگىلەش كېرەك.

جۈرئەت توختى كەنجى: بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى ئىككى ئېغىز گەپنى قىلاي: سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز بالىلىرىڭىزنى مۇشۇ ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەڭ ۋە دوستلىرىڭىزغىمۇ شۇنداق دەڭ.

ئۆز بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلىرىغا مۇنداق روھنى سىڭدۈرسۇن: بالىلار ئۆزىنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان ئورنىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسۇن. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزى تۇغۇلغان يەرگىلا قاراشلىق بوپقالمىسۇن. بالىلار شۇندىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ توي-تۆكۈن، چاي-پايلارنى ئازراق ئويناپ، بالىلىرىغا ياندىشىپ تىرىشىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا بالىلىرىنى قايىل قىلالىغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلار يەنە تېجەپ تۇرۇپ بالىلىرى چەت ئەللەردە بىر-ئەر يىل ياشىيالىغۇدەك ئىقتىساد توپلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلالمىسا ئاتا-ئانا بولۇش شەرتىنى ھازىرلىيالمىغان بولىدۇ.

ۋەتىنىڭ ئىستىقبالى بولغان ياشلار، سىلەر نەزىرىڭلارنى ھەدىسىلا ياشىغان مۇھىتىڭلارغا ۋە بۈگۈنۈڭلارغىلا تىكمىۋالماڭلار. چۈنكى ئۇنداق قىلساڭلار چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالىسىلەر. سىلەر نەزىرىڭلارنى دۇنياغا تىكىڭلار. سىلەر رولۇڭلارنى ئۆز يۇرتۇڭلاردا جارى قىلدۇرالمىغان بولساڭلار دۇنيادا جارى قىلدۇرىدىغان ئورۇن چوقۇم بار. سىلەر بىلىم بىلەن تولۇپ، كۈچلۈك بولساڭلار يۇرتۇڭلارغا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنالايسىلەر. ئەگەر كۆز ئالدىڭلاردىكى نەرسىلەرگە تىكىلىپ

تۇرۇۋالساڭلار بىر ئۆمۈر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتىسىلەر .بىرسىگە ياخشىلىق قىلىشمۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ .ياپونلاردا «چېكىمۇ ھەسەلنى ئېچىلمايدىغان ئىشىك يوق »دېگەن ماقال بار .سىز بىر نىشان ئۈچۈن زېرىكمەي ئۈزۈن مۇددەت ئەقىدە قىلسىڭىز ئۇنىڭغا چوقۇم يېتىسىز .

قۇتلۇق سابىت : ئالىي مەكتەپتە دىپلوم ئۈچۈن ئەمەس بىلىم ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ، خىزمەت ئۈچۈن ئەمەس ،ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئەۋلادلار چىقىشى كېرەك .

سەلتەنەت ئىبراھىم : بىزدە ئۈچمەس مەدەنىيەت ،ئاسارئەتىقە ،مول تەبىئىي بايلىق بار .بىز بۇلارغا دۇنياۋى ئاڭ بىلەن مىراسخورلۇق قىلىشىمىز ، ئۈچۈر تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ،دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك .بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك .

AY : خەلقىمىز قانۇن ئۆگىنىشى كېرەك .

قەدىرلىك ئوقۇرمەن : ياپونىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈستىدىكى زىيارىتىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى .ئەسلىدە 40 ـ 50نەپەر كىشىدىن جاۋاب كېلىدۇ ،ئەڭ بولمىغاندا شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم .ئەمەلىيەتتە جاۋاب يېزىپ ئەۋەتكەنلەر ئونغا بارماي قالدى .مەن سىلەرگە پەقەت شۇنىلا تەقدىم قىلالىدىم .روشەنكى ، جاۋابلار ئالدىراپ-تېنەپ يېزىلغان ،بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تۇرلۇك روھىي ھالىتىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ .ئۇلار بىر بولسا تۇرمۇش ،ئوقۇش ھەلەكچىلىكىدە دىققىتىنى يىغالماي قالغان ، بىر بولسا كونا ئادەت تۈپەيلى زىيارىتىمنى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغان ، بىر بولسا تۇرلۇك ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ ئۆزىنى تارتىشقان .سۆزلەر ئىمكانقەدەر ئەپقېچىلغان ،كېيىنكى سوئاللار جاۋابسىز قالدۇرۇلغان .نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار جاۋاب يازمىغانلارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتلىك قېرىنداشلىرىمىزدۇر .

ئۇ يەر ـ بۇيەردىن جاۋابلار كېلىۋاتقان مەزگىلدە گېرمانىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىندىشىمىز ئۇمىد خالىقتىن ئېلخەت كەپقالدى . مەزكۇر خەتنىڭ مەزمۇنى زىيارىتىمىز كۆزلىگەن مەقسەتلەر بىلەن بىردەك بولغاچقا ،جۈملىدىن مەكتۇپ ئىگىسىنىڭ مۇددىئاسىمۇ يېڭىلىقتا تەشنا كىشىلىرىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بولغاچقا ، مەكتۇپنى ئەينەن بېرىشنى خالاپ قالدىم .نىھايەت ، ئۇنىڭغا بىر ماۋزۇ قوشۇپ قويدۇم .

## دوكتورئۇمىد خالىقنىڭ خېتى

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى :

بۈگۈن تور بېتى ئارقىلىق سىزنىڭ ياپونىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغىنىڭىزدىن خەۋەردار بولدۇم . ساپالىق سوئاللىرىڭىزدىن ئاخىردا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك (بولۇپمۇ كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن )بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن .

مەن 1998-يىلدىن بېرى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە (بېرلىن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ) تۇرۇۋاتىمەن .2002-يىلى نويابىردا دوختۇرلۇق ئوقۇشۇمنى تاماملاپ ،گېرمانىيە ھەمكارلاشماقچى ھەم ئىقتىسادىي ياردەم بەرمەكچى بولغان بىر تەتقىقات ئورنىغا (تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان «يېشىل كارىدور » نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىنلىكى ھەققىدە ) تەييارلىق قىلىۋاتىمەن .

گېرمانىيىدىكى بەش يىللىق ھاياتىمدا ،مەنمۇ سىز سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بولالىغۇدەك كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى توپلىدىم ئەلۋەتتە . ئېھتىمال مېنىڭ يېقىندا ئۈرۈمچىگە قىلىدىغان سەپىرىمدە (4-ئاي ئىچىدە )سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بىر نۇقتىلاردا پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بوپقالار .بۈگۈن مەن سىز بىلەن باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە ئورتاقلاشماقچى :

ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يېقىندىن بېرى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ،بىلىم ئاشۇرۇشقا كېلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ پەيدىنپەي ئېشىۋاتىدۇ (ئەلۋەتتە ياپونىيە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ) .گېرمانىيە ياكى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان 25ئەتراپىدىكى «ياش مۇتەخەسسىس »لەردىن باشقا (كۆپىنچىسى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ) ،يېقىندىكى ئىككى يىل مابەينىدە خېلى كۆپلىگەن (مېنىڭ بىلىدىغىنىم 25-30ئەتراپىدا )ئۇيغۇر ياشلىرى گېرمانىيىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئوقۇش مەقسىتىدە يېتىپ كەلدى .بۇلار ئاساسەن پايتەخت بېيجىڭدىكى بىرنەچچە ئالاقە شېركىتى (ۋاستىچىلىك شىركەت )لىرىگە 20-30مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئالاقىلىشىش خىراجىتى (ئەمەلىيەتتە بۇ پۇل شۇ ئالدامچى شىركەتنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدىغان تاپان ھەققى )تۆلەپ ، خاراكتېرى تازائېنىق بولمىغان «ۋىزا »بىلەن كەلگەچكە ، ئۇلارنىڭ گېرمانىيىدىكى ئوقۇش ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ . بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بانكا ھېساباتىدىكى ئاتا-ئانىلىرى سەپلەپ بەرگەن «ئوقۇش مەبلىغى »تۈگەي دەپ قالغان بولسىمۇ ،تېخى ئوقۇشقا كىرىش سالاھىيىتى ھازىرلاپ بولالمىغان (رەسمىي ئوقۇغۇچى بولۇپ بولالمىدى دېگەنلىك ، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەشكە رۇخسەت يوق دېگەنلىك ) .ئەلۋەتتە سەۋەب ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ياخشى تىرىشمايۋاتقىنىدا ئەمەس .لېكىن چەت ئەلدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىتا دۆلەت ئىچىدىكى تەييارلىقنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا .ئاتا-ئانىلار ۋە شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېرمانىيىنىڭ ئوقۇش تۈزۈلمىسى ،تۇرمۇشى ۋە نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىتا راستچىل ۋە ئەتراپلىق ئۈچۈر

ئىگىلىمىگەنلىكىدە.

بېيجىڭدىكى بىرنەچچە ئالدامچى شىركەت ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل «چىرايلىق» — ياغلىما گەپلەر بىلەن بۇلارنى قىزىقتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىن 20-30مىڭ يۈەنلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋالغان، خالاس. (بۇ ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا كىچىك سان ئەمەس).

(كەچۈرۈڭ داۋامىنى كېيىن يازىمەن)

2003-يىل 20-يانۋار، بېرلىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۈمىد ئەپەندى:

خەت يازغىنىڭىزغا رەھمەت. ئومۇمىي ئىجتىمائىي تېما ئۈستىدە ئازابلىق خىياللارغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلدىم. خېتىڭىزنىڭ داۋامىنى كۆرۈپ ئاندىن ئىنكاس بىلدۈرەي دېگەنىدىم. ئالدىراش بولسىڭىز كېرەك، تېخىچە ئاخىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. كەمىنىڭىز ھېلىمۇ خېتىڭىزنىڭ تامامىنى كۆرۈشتىن ئۈمىدۋارمەن. ئىشلىرىڭىزغا ئوڭۇشلۇق تىلەپ:

**ئابدۇقادىر**

ياخشىمۇ سىز ئابدۇقادىر؟

ئېھتىمال بۈگۈنمۇ كۆپ يازالمايمەن، شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ باقاي. قىسقىسى، مىللىتىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا مەبلەغ سېلىش بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. مۇمكىنقەدەر كۆپلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ (لېكىن ئىقتىساد، تىل، كەسىپ، ساپا جەھەتتە بەلگىلىك تەييارلىقى بارلارنىڭ) ياپونىيە، ياۋروپا، گېرمانىيە (ئالىي مەكتەپ بۇيەردە ھەقسىز) ۋە باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇشىنى، مىللەتكە، يۇرتقا يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ھەممىدىن بەك ئارزۇ قىلىمىز. لېكىن چەت ئەلدىكى دەسلەپكى قىيىنچىلىقنى ئالدىن ئوبدان مۆلچەرلەش، تېگىدىن چۈشىنىش كېرەك. مېنىڭ تەجرىبەمگە ئاساسەن گېرمانىيىگە كېلىپ ئوقۇشنى پىلانلىغان ياشلارغا تۆۋەندىكىدەك مەسلىھەتىم بار:

تىل ئۆتكىلىدىن مۇمكىنقەدەر جۇڭگودا ئۆتۈۋېلىش كېرەك (مۇمكىن بولسا شاڭخەي ۋە بېيجىڭدىكى گېرمان تىلى تەربىيەلەش مەركىزىدە). ئامال بار مۇمكىنقەدەر ئىككى مەۋسۇم، ھېچ بولمىغاندا بىر مەۋسۇم گېرمان تىلى ئۆگىنىپ، تىل ئاساسىنى يارىتىۋېلىش كېرەك (بېيجىڭ كوچىلىرىدا سېتىلىدىغان «گېرمان تىلى ئۆگەنگەنلىك ئىسپات قەغىزى» سېتىۋېلىپ ۋىزا بېجىرمەكچى بولغانلىق، ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغانلىق، خالاس). ئۈرۈمچىدىمۇ گېرمانىيىدىن بارغان گېرمانلار گېرمان تىلىدىن دەرس ئاچتى ۋە دەرس ئۆتۈشكە تەييار. قانداقتۇر «گېرمانچىنى گېرمانىيىدە تۇرۇپ ئۆگەنسە ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم خاتا. چۈنكى بۇ يەردە ئۆتۈلىدىغان گېرمان تىلى دەرسىنىڭ ھەققى قىممەت ياكى بەلگىلىك ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەرسنى ئۆزلەشتۈرمەك قىيىن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە DSH (نېمىسچە TOLF ئىمتىھان) ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىش ئاسان ئەمەس.

جۇڭگودا قولغا كەلتۈرگەن دىپلوملارنى بېيجىڭدا گېرمانىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ سالاھىيەت تەكشۈرۈش ئورنىدا تەكشۈرتۈش كېرەك. جۇڭگودا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياكى ئاز بولغاندا ئىككى يىل ئالىي مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇش ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بېيجىڭدىكى «گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇماقچى بولغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى»غا ئەۋەتىپ، شۇ يەردىن دىپلوملارنىڭ راستلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق ئىسپاتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى گېرمانىيىنىڭ ھەقسىز ئوقۇتۇش سىياسىتى كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولغاچقا، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى كوچىلاردىن يالغان ئالىي مەكتەپ دىپلومى سېتىۋېلىپ گېرمانىيىگە كەلگەندىن كېيىن «چېنىپ»، گېرمانىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەر جۇڭگو دىپلومىنى «ھېسابقا ئالمايدىغان» مەنتىقە شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن 2001-يىلدىن باشلاپ گېرمانىيىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىدا «تەكشۈرۈش ئورگىنى» تەسىس قىلىندى. بۇ ئىسپات بولمىسا گېرمانىيىدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش مۇمكىن ئەمەس.

«چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئوقۇش» ئىدىيىسى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

گېرمانىيە ئىقتىسادى يېقىندىن بېرى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. ئىشسىزلىق ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئىش بولغان تەقدىردىمۇ گېرمانىيىگە يېڭى كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە ئاسانلىقچە ئاشمايدۇ. بۇنى ئالدىن مۆلچەرلەش كېرەك.

بىز ئەلۋەتتە گېرمانىيىدە ئوقۇشقا قىزىقىدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، تېخىمۇ ئېنىق ئۇچۇر ئىگىلىشىگە ياردەم قىلىمىز ۋە قىلىۋاتىمىز. ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكىمىز يوق، لېكىن بۇ رېئاللىق. ئالدىنىپ، خەت-ئۇچۇر بىلەنلا قايمۇقۇپ قالماسلىقىنى، ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئابدۇقادىر، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى نۇقتىلارنى تازا ئوچۇق ئەسكەرتىشكە ئىمكانىيەتسىزمەن. كېيىن ئوچۇقراق سۆھبەتلىشەرمىز. سىز بىر ئىلىملىك ئادەم، يازغۇچى. ئەگەر مەن ئەسكەرتكەن بەزى نۇقتىلار سىزنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىڭىز ئۈچۈن بەلگىلىك خۇرۇچ بوپقالسا ئەجەب ئەمەس. ۋاقتىڭىزنى ئالدىم. ھۆرمەت بىلەن:

**ئۈمىد خالىق**

2003-يىل 22-يانۋار (M1)



## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يىغلاش ـ هاياتتىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ چىقارغان «ئاق بايراق»ى .

**ـ نۇرسىمان نۇرمۇھەممەت**

---

ئاپتور :قاراماي شەھەر 8-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاچچىق تىنىقلار

▲ چىرىكلەشكەن ئەلدە پاراغەتلىك ياشاي دېسەڭ ، ھەممىگە ماسلىشىشقا تەييار تۇر .

▲ جاھاندا ئۇلۇغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك .

▲ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ئاياللار ،بەخت ـ سائادىتىنى ئەرلەر يارىتىدۇ .

▲ ئادالەت ئاۋۋال قەلبتە ،ئۇنىڭدىن كېيىن زېمىندا تىكلىنىدۇ .

▲ ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە بولمىغانلاردا ئادالەت نېمە قىلسۇن ؟ !

## تەپەككۇر گۆھىرى

▲ ئوقۇتقۇچى ھەم نۇر ، ھەم زۇلمەت .ئۇ ھەر بىر قەلبنى يورۇتالىشىمۇ ، ھەم ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويالىشىمۇ مۇمكىن .

▲ بۇ دۇنيا ھۆكۈمدارلارنىڭ ئويۇن سەھنىسى ، پۇقرالار ئۇيەردىكى ئويۇنچۇق .

▲ جىسمانىي ئەركىنلىكى يوقىتىلغانلار ئۆزىنىڭ قول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن . بىراق روھىي جەھەتتىن قول قىلىنغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇپ يېتەلىشى بەسىي مۇشكۇل !

▲ قان روھنى پاكلايدۇ ، روھ تەننى !

▲ ئىنساننىڭ قىممىتى ـ ئۇ تارتقان جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئاز-كۆپلىكىدە ئەمەس ،بەلكى قوشقان تۆھپىسىنىڭ ۋەزنىدە !

▲ بۆرە ئالدىدا بۆرىگە ئايلىنىشنى بىلمىسەڭ ، يوقىلىشىڭ ئېنىق .

▲ سەممىيەتسىزلەرگە كۆرسىتىلگەن سەممىيەت ـ ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

▲ ھوقۇقدارلارنىڭ ھەيۋىسى ،پۇقرالارنىڭ تېگىرقاشلىرىدىن كەلگەن .

▲ ھوقۇقنىڭ نوپۇزى كۈچىيىپ كەتكەندە بىلىم ئەرزىمەس نەرسە ،ھوقۇقسىزلار ھوقۇقدارلارنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى ئورۇق .

▲ ھەممىگە «ياق» دېيىش ـ جاھىللىق ، ھەممىگە قوشۇلۇش ـ قۇللۇق !

▲ نوچى بولساڭ، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭلا يارىتقان پەخىرلەنگۈدەك تارىخىڭ بولسۇن!

▲ ئاياللىرى ئۆز ھوقۇقىنى بىلىپ يېتەلمىگەن ئەلنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچما!

▲ ئانا بالىغا بولغان ئالىيجاناب تەربىيىسى ۋەجىدىن پەرىشتە، چاكىنا تەربىيىسى تۈپەيلىدىن ئىبلىسقا ئايلىنىدۇ.

▲ ئىلىم سىياسەتكە بويسۇنغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىگە شۈبھە تۇغۇلىدۇ. سىياسەتكە قامالغاندا بولسا، سەپسەتىگە ئايلىنىدۇ.

▲ مۇستەبىتلىك – ئىقتىدارنى ئەمەس، ھوقۇقنى تونۇيدۇ.

**– ئايىمنىسا سۇلايمان**

ئاپتور: كىرىيە ناھىيە قاراقىرىيېزا يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ تىرمومېتىرى. تۇزۇلمە ئىلغار، قانۇن ئادىل جەمئىيەتتە سالاپەتلىشىدۇ، چىرىك جەمئىيەتتە شەھۋانىيلىشىدۇ.

▲ ئەدلىيىدە ئادىللىق بولمىسا، پۇقرادا باراۋەرلىك بولمايدۇ.

▲ بۇزۇلۇش قانۇندىن، چېكىنىش مائارىپتىن باشلىنىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، قانۇننىڭ تۇزگۇچىلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ھاكىمىيەتنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى.

▲ جۇڭگودا زىيالىيلار ھېلىھەم ئەتىۋارلىق. 1940-يىللاردا شلەپە، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغانلار زىيالىي ھېسابلىناتتى، كۆزەينەك تاقىۋالسا تېخىمۇ سالاپەتلىشەتتى. ھازىر قولىدا دىپلوم، ئۇنۋان كىنىشكىسى بولسا زىيالىي ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەنسەپ تاجىسى كىيسە تېخىمۇ تاكامۇللىشىدۇ.

▲ جانلىقلارنى يوقاتماقچى بولغان مەرگەن يۈرەكنى قارىغا ئالىدۇ. مىللەتنى پارچىلىماقچى بولغانلار مەدەنىيەتتىن قول سالىدۇ.

▲ پاھىشىخانىلار ئارقىلىق ئەۋلادلارنى بۇزۇش – ئەپيۇن ئارقىلىق نەسىل قۇرۇتۇشتىنمۇ يامان.

▲ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنى، ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ مۇدىرىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىلا مائارىپ ئىسلاھاتى ئېغىزدىن ئەمەلىيەتكە كۆچىدۇ.

▲ بالىغا قاراپ جەمەتنىڭ، ئەۋلادلارغا قاراپ ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

▲ ئۇنۋان ۋە دىپلوم ئىقتىدارنىڭ ئۆلچىمى بولماستىن تەمىناتنىڭ ۋاستىسى بوپقالسا، نەپسانىيەتچىلىك ئىش بېجىرىشنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

▲ دىپلوم ۋە ئۇنۋاندا كامالەتكە يەتكەن زىيالىيلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا نامى چىققان دېھقان ئاپتورلاردەك خەلق قەلبىگە كىرەلىسە، مەنىۋىيىتىمىز مىسلىسىز كۆچلەنگەن بولاتتى.

▲ مائارىپ ھەقسىز قىلىۋېتىلسە، جۇڭگو ئىختىساسلىقلار چولپانلىرى دۆلىتىگە ئايلىنىدۇ.

▲ مەدەنىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسى، تىل-يېزىق تارىخنىڭ شاھىدى، پەلسەپە – يول چىرىغى، قانۇن – ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى.

▲ خىلقىقە تايىنىپ جەمئىيەتنى تۈزەش – ئۆلى مۇستەھكەم بىنا سالغانلىق. «ئىشخانا»غا تايىنىپ جەمئىيەتنى تۈزەش – زەيلىككە تام سالغانلىق.

▲ دېموكراتىيە بىر كەز پەسلىسە، چىرىكلىك ئون گەز ئۆرلەيدۇ.

قانۇن پۇلغا سېتىلسا، فورما قاراقچىنىڭ پىچىقىغا ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئېغىزدىكى ھۆرمەت – مەنسەپنىڭ كۈچى. يۈرەكتىكى ھۆرمەت – خىسلەتنىڭ.

▲ قۇشلارنىڭ سەرخىللىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن قەپەسكە سولىنىدۇ.

ئادەملەرنىڭ سەرخىللىرى رەزىللەر تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىدۇ.

▲ ئىختىساسلىقلارنىڭ تاللىنىشى – گۈللىنىشنىڭ باشلىنىشى.

ئىختىسادلىقلارنىڭ تاللىنىشى – مەنسەپ سودىسىنىڭ «گۈللىنىشى».

**– توختى ناسىر**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي – تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تۈندىكى تۇيغۇلار

▲ رېستوران – ئىگىدارلارغا تىجارەت، ئىمكارلارغا كاپالەت، غاپىللارغا پاراغەت، غالچىلارغا خۇشامەت، مۆمىنلەرگە جىنايەت، ئىدراكلىقلارغا بىشارەت سورۇنىدۇر.

▲ بىزدىكى ئىللەتلەر ئائىلە ئەخلاقىدىن باشلانغان.

▲ ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە رىياسەتچىلىرىمىز راستتىنلا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار بولسا، سەھنە كىيىملىرى بىلەن رەستىلەردە يۈرەلىسۇن.

**– ئابدۇرېھىم ئىسلام**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا كەلپىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ ھايۋانلارنىڭ ئەخمەقلىقى دۆتلىكىدە ئىپادىلەنسە، ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقى دورامچىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ پەقەت ئۆزىگە خاس مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەر ھەقىقەت ئىزدەيمەن ياكى ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىمۇ بولىدۇ.

▲ ئۆزى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ياكى قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر باشقىلارنى باشقۇرۇۋېلىشقا، ئىشلارغا چات كىرىۋېلىشقا ئامراق كېلىدۇ.

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك پاكلىقىنى، ياخشى نىيىتىڭنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمىغىنىڭدا ئاندىن بايقايسەن.

▲ ئاۋارىچىلىق – ھۆرۈنلارنىڭ لۇغىتىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

▲ ئادەمدىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق ئۆزىنى

بەزلەشكە ئامراق بولۇش .

▲ ئەڭ ئېچىنىدىغىنىم ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىمۇ ئاۋارە قىلىۋاتقىنى .

▲ هاياتىمىزدىكى ئەڭ ئەهمىيەتسىز ۋاقىت ، پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدۇر .

▲ هوقۇقىغا ئىگە بولالمىغان ئادەملەر مەجبۇرىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ .

▲ خۇشامەتچىلىك زامانىمىزدىكى دەسمايە كەتمەيدىغان ئەڭ ئېقىۋاتقان كەسىپ .

▲ هەرقانداق ئادەم ياكى قەۋمنى مۇهەببىتى ياكى نەپرىتى دۇنياغا تونۇتىدۇ .

▲ پۇرسەت ۋە خىرىس هەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى .

▲ هاياتلىقتىكى هەقىقىي تراگېدىيە ئۆلۈم ئەمەس ،شەرمەندىلەرچە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر .

## هايات هەقىقەتلىرى

▲ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دەل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدۇر .

▲ ياخشى چىقىرىلغان كىتاب - ژۇرنال - ئۇلۇغ ئىسلاهات .

▲ بەزىلەر زامانىنىڭ ئادىمى ، بەزىلەر ماكانىنىڭ ئادىمى ،مەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بالىلارچە تېڭىرقايمەن .

▲ ئەستايىدىللىق سالماقلىق بىلەن ئەمەس ۋاقىتنى قەدىرلەش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

▲ پەرزەنت تەربىيىسى هەققىدىكى بىر ياخشى كىتاب ئېتىقادىي بىرلىك ئۈچۈن ئېلىنغان خاسىيەتلىك قەدەم .

▲ ئادەمنىڭ تىلىدىن ئۆتكۈر قورالى ، تەپەككۇرىدىن زور بايلىقى ،ئەقلىدىن ياخشى هەمراهى ،هېسسىياتىدىن ئۆزگە تەسەللىيسى يوق .

▲ «زامان بۇزۇلۇش»نىڭ سەۋەبى ياشانغانلار-دىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتە ،ئوتتۇرا ياشلىقلاردىكى بېپەرۋالىقتا ،ياشلاردىكى هۆرمەتسىزلىكتە .

▲ دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋاقىت ئادەملەرنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن زېرىككەن ۋاقتىدۇر .

▲ ئاجىزلىق ئەسلىدە بايقالمىغان تەرەپ ،ئۇنىڭ ئىسمى خاتا قويۇلغان .

▲ ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقى مۇهەببىتىگە بولغان سۇسلۇقتا ،نەپرىتىگە بولغان رەهىمدىللىكتە .

▲ ئاياللارنىڭ «تۇرمۇشنىڭ تۇزى»لىقى گۈزەل ۋە سەمىمىي ئەخلاقىدىن كەلگەن .

▲ چىن ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ نازۇك نەرسە دەل غۇرۇردۇر .

▲ جۇرئەتسىزلىك روهىي نامراتلىق دېمەكتۇر .

▲ يىللار ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدە ساقلىنىدۇ .

▲ مۇهەببەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەر هاياتنىڭ لەززىتىنى مەڭگۈ تېتىيالمايدۇ .

▲ ماددىي نامراتلار مەنىۋىيەت كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرسە ، مەنىۋى نامراتلار هەممىلا جايدا ئالدىنىپلا يۈرۈيدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ ناپاكلىقى قىيامەتتىن ، ئەرلەرنىڭ ناپاكلىقى قۇللۇقتىن دېرەك بېرىدۇ .

▲ ئەرلەرنىڭ جۈرئەتسىزلىشىشى ئاياللارنى بۇزىدۇ .

▲ مائارىپنىڭ ئەهمىيىتى ئادەمگە ئۆز قىممىتىنى قايتا تونۇتقانلىقىدا .

▲ هەقىقىي تېررورچىلار دەل ئېتىقاد قاتىللىرىدۇر .

▲ ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى ،ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەتلا مەڭگۈلۈك مۇهەببەت .

▲ پەرزەنت ئۆمۈرگە سېلىنغان دەسمايە .

**- ئابدۇرېهىم قادىر**

---

ئاپتور : لوپ ناهىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئاچچىق-چۈچۈك پارچىلار

▲ باشقىلاردىن ئاغرىنماي ،ئۇلارنىڭ سۆيۈنگەستىگە ماس تەدبىر قوللىنالمىغانلىقىمىزدىن ئاغرىنىشىمىز كېرەك .

▲ ساقىينىڭ بېخىللىقى ساراڭلىقنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشىدۇر .

▲ ئوقۇشمۇ ،ئوقۇتۇشمۇ مەجبۇرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مائارىپ تۈزۈلمىسى ئېنىقكى كەلگۈسى كىرزىسىنىڭ بىردىنبىر خام ئەشياسى ۋە مەنىۋى تۆۋرۈكىدۇر .

▲ ئەڭ ياخشى پۇرسەت بەزىدە تېزەكنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدۇ .

▲ زىيالىيلاردىكى لوكچەكلىك خاراكتېرىنىڭ يوقىلىشى ،ئېتىقاد ۋە ۋىجداننىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە ئوڭ تاناسىپ تۈزمەكتە .

▲ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن سىنىڭ سىرىڭنى بىلىدىغان ،دوستلۇق تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلگەن كىشىدۇر .

▲ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنىمۇ ،خاپىلىقىنىمۇ باشقىلارغا ئاشكارىلىيالمىغان كىشى ئورۇنسىز دەرد-هەسرەتلەرگە ئەڭ كۆپ مۇشتاق بولغان ۋە جەمئىيەتنى ئەڭ چۈشەنگەن كىشىدۇر .

▲ پۇل ۋە مەنسەپ ئۈستىگە قۇرۇلغان «چىرايلىق سالاملىشىش» بىر ئېچىلىپ خازان بولغان ناتوۋان گۈلگە ئوخشايدۇ .

▲ ئىمتىهان ئىقتىدارلىقلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى بوغۇپ قويغۇچى سېهىرگەر .

**- هەيدەر ئەلى بەختەلى**

---

ئاپتور :تاجىك ،ئاقتو ناهىيە تار تاجىك مىللىي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

### سايەم

▲ ئەقىل تاشقا ئوخشايدۇ . ئۇ بىلىم سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرسا سۈزۈكلىشىدۇ .هەتتاكى تاۋلىنىش نەتىجىسىدە قاشتېشى ،گۆهەر تاشقا ئايلىنىدۇ ،ئەتىۋارلىنىدۇ . ئەكسىچە ، تاشلىنىپ قالسا چاڭ-توزانلارنىڭ قونۇشى نەتىجىسىدە كۆرۈمسىزلىشىدۇ ، تاشلاندۇقلا ئايلىنىدۇ . كىشىلەر ئۇنى ئۆيىنىڭ ئۇلىغا قويۇش ،نامەردلەر تەرىپىدىن باشقىلارغا ئېتىش قىسمىتىگە دۇچار

بولىدۇ.

▲ «؟» بىر قارىماققا سوئالغا ئوخشايدۇ. جاپالىق مېھنەت سەرىپ قىلىش ۋە پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزغاندا ئۆتكۈرلەشتۈرۈلگەن ئەقىلگە تەمسىل قىلىنىدۇ. يەنە بىر قارىماققا قولاققا ئوخشايدۇ. كىرىشى بار، چىقىشى يوق. «سىر ساقلا» دەپ خىتاب قىلىنغاندەك بىلىنىدۇ. يەنە بىر كۆزەتكەندە، ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. سەزگۈ بىلەن بىل، مېڭەڭ بىلەن ئويلا دېگەن مەنە يالتىرايدۇ.

## تاللاش

▲ بىرى مەندىن: ھۆركىرەپ تۇرغان شىر يامانمۇ؟ ياكى ياغاچنى يەپ تۈگىتىدىغان قۇرت يامانمۇ؟ ئادەم مۇشۇ ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ - دەپ سورىدى.

- بۇ، ئادەمنىڭ تاللاش مەسىلىسى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «تۇشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا» دېگىنى بويىچە ئەلۋەتتە ئالدىنقىسىنى تاللاش كېرەك، - دېدىم مەن.

ئۇ خىيالغا پاتقان ھالدا مۇنداق دېدى:

- بىزنىڭ ئېڭىمىزغا قەدىمدىن مۇشۇ قاراش سىڭىپ كەتكەن. لېكىن مېنىڭچە، بۇ ھېسسىيات ۋە ئەقىل مەسىلىسى. شىرنىڭ ھۆركىرەپ ئېتىلىشى ئۆزىنىڭ قارام كۈچىگە ئىشىنىش، باشقا ھايۋانلارنى ئولجىغا ئايلاندۇرۇپ ئوزۇقلۇق قىلىش ھېسسىياتىدىن بولغان. لېكىن بۇنى ئادەملەرگە تەتبىقلىغاندا، ئەزەلدىن ئادەمدىكى ئەسەبىيلىك غەلىبە قىلغان ئەمەس. مەسىلەن: ئىسكەندەر، چىڭگىزخان، ھىتلېرھەممىسى ئۆز ئەسەبىيلىكى بىلەن پۈتكۈل دۇنيانى ئىلكىگە ئالماقچى بولغان. ئەمما، ھېچقايسىسى مەقسىتىگە يېتەلىگەن ئەمەس. قۇرتنىڭ قاتتىق ياغاچنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىشى ئۇنىڭ ئەقىلىيلىكىدىن بولغان. چۈنكى، قۇرت ياغاچقا ئەسەبىيلىك بىلەن قارشى تۇرسا ئەلۋەتتە مىجىلىپ تۈگەيدۇ. شۇڭا ئۇ يۇمشاق ۋاستە بىلەن ئاستا-ئاستا ياغاچنى يەپ تۈگەتكەن. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ئادەم مۇشۇ ئىككى خىل خاراكتېرنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرەلىسە، ئۇ ياشاش ئاساسىنى پۇختا قۇرۇپ چىقالايدۇ.

## يىللار سوۋغىسى

▲ بۇ ئىشنى ئىنىم قىلىۋىدى، ھەممىمىز ھەۋەسلىنىپ قاراشتۇق. ئاكام قىلىۋىدى، «تېخى گۆدەككەن» دېيىشتى باشقىلار. ئاتام قىلىۋىدى، ياقىسىنى چىشلەشتى. بوۋام قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ دېگىنى: «ھەيي... قېرىلىق» بولدى.

## ئۇدۇملىرىمىزنىڭ كەسمە يۈزى

▲ پەيشەنبە كۈندە ياغ پۇرىتىش، تۇپراق بېشىغا چىقىش قانداقتۇر «خۇراپاتلىق» بولماستىن، ئۆلۈمنى ئەسلەپ، ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئۇدۇملىرىمىزدىكى نۇرغۇن «يامان بولىدۇ» لارنى چۈرۈۋەتكەنلىكىمىزنىڭ يامان بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

▲ كونىلارنىڭ باللارغا: «تورغاي تۇخۇمى تۇتساڭ يۈزۈڭگە سەپكۈن چۈشىدۇ»، «قارلىغاچ بالىسىنى ئويىنىساڭ قولۇڭ تىترەيدىغان بوپقالىدۇ»، «قاغا كۆمگەن ياڭاقنى يېسەڭ ئۇنتۇغاق بوپقالىسەن» دېگەندەك نەسىھەتلىرىنى ئويلىساملا ئۇلارنىڭ ۋايىغا يەتكەن تەبىئەتشۇناس ۋە پېداگوك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم يېتىلەككە ماڭغان ئىشەكتۇر.

▲ سەمرىگەن قوينى كۆتۈۋالىدىغىنى قاسساپنىڭ ئۆتكۈر پىچىقى.

▲ پاشا -نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان كىشىلەرگە ئىشارە.

▲ دۇنيادا ئۆلۈمدىن باشقا مەۋجۇدىيەت نىسپىي بولىدۇ.

▲ كۆزگە ئىلماسلىق، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىش نۇرغۇنلىغان بىھۇدە سەۋەنلىكلەرنىڭ سەۋەبكارى.

▲ ئۆز رايىم بويىچە ئىشلىيەلمەي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ ئىچىدىن سېسىۋاتقان ئالمىغا ئوخشاپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

▲ ھېس قىلىش بىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىشنىڭ ئىشلەشنى باشلىغاندىن كېيىن تامامەن مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

▲ ئىزچىللىق سېنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

▲ يوچۇق ئىزدىگەن ئادەم ئاخىرى ئۆزى ئىزدىگەن يوچۇقتىن چىقالماي ئاۋارە بولىدۇ.

**- ئابدۇخالىق مۇھەممەتئىمىن**

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل تەرمەچلىرى

▲ ئاجىزلارنىڭ تارىختىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن، كىم بېشىنى سىلىسا شۇنىڭ پۇتىغا پالتا چاپقان، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىمىغان، بولۇپمۇ ئۇلار ھەسەت بىلەن بىر-بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىغان.

▲ تارىختا سەنئىتى بۇرۇن تەرەققىي قىلغانلارنىڭ جەمئىيىتى كېيىن قالغان، سەنئەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلگەنلەر تېزلا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەرەققىي قىلسۇن، سەنئەتمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ ھەم ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن تولۇق كاپالەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بولمىسا ھەرقانداق ئۇلۇغ سەنئەتمۇ موھتاجلىق ۋە تەمەخورلۇقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ئاخىرىدا ھالاك بولىدۇ. سەنئەت بىلەن جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى باغلىنىشلىق تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ھەرقانداق جەمئىيەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ.

▲ ئەگەر ياخشى يېيىش، ياخشى دەم ئېلىش، ئۇخلاش بەخت ھېسابلىنىدىغان بولسا، بوردىلىۋاتقان

قوي ئەڭ بەختلىك ھېسابلانغان بولاتتى .

▲ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا ،ئەگەر شەرق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى يوقىتىدىكەن ،ئۆزىنىڭ يېرىم كۈچىنى يوقاتقان بىلەن باراۋەر .

▲ قىزىقىپ قىلغان ئىشنىڭ قىيىنى يوق ، مەجبۇرىي قىلغان ئىشنىڭ ئاسىنى يوق .

▲ بىر ئىشنى باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ،قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىكەنسەن ،سەن مەجبۇرلىمىساڭمۇ ،بۇ ئىش شۇ كىشىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ ئۆزلىكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ .

▲ كۈچلۈكلەر ياشاپ ،ئاجىزلار ھامان يوقىلىدۇ دەيدىغان پەلسەپە ،دۇنيادىكى ئەڭ ئەخلاقسىز ،ئەڭ رەھىمسىز كىشىلەرنىڭ پەلسەپىسىدۇر .شۇنداقلا بۇ پەلسەپە ئاجىزلارنى تېررورلۇققا ئۈندەيدىغان چاقىرىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

▲ جىنايەت دېگەن شۇنداق نەرسىكى ، ئۇنى يوشۇرغانسىرى يوغىنايدۇ ،قوغدىغانسىرى خورىكى ئۆسىدۇ .

▲ لاي سۇ ئۆزى ئېقىپ كەلگەن ئېرىقني ئۆزى تىندۇرۇۋەتكەنگە ئوخشاش ،يامان ئادەملەر ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى ئېتىپ ماڭىدۇ .

▲ كېسەلنى ئۈزۈپ-تىللاپ ساقايتقىلى بولمىغانغا ئوخشاش ،مىللەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ ،تىللاپ تۈزەتكىلى بولمايدۇ . جەمئىيەتنى تۈزىتىمەن دەيدىكەنسەن ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزەت .

- مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور :كېرىيە ناھىيە خەلق قورالىق بۆلۈمىدە

## ھارغىن تۇيغۇلار

▲ قايەردە مېھر - مۇھەببەت بالدۇر يوقىلىدىكەن ، قىيامەت شۇيەردىن باشلىنىدۇ .

▲ ئىشەنچكە چۈشكەن داغ - ھەسەتنىڭ غەلىبىسى .

▲ نېمىنى قەدىرلىسەڭ - قەدرىڭ شۇنىڭدا .

▲ تەرەققىيات - ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئەكەلدى .

تەرەققىيات - ئىنسانىيەتكە پۈتمەس-تۈگىمەس بالايىئاپەت ئەكەلدى .مانا بۇ - تەرەققىياتنىڭ ئىككى يۈزى .

- ئابدۇرەھمان ئابدۇكېرىم

ئاپتور :يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا سايباغ كەنتىدە ،دېھقان

## تارىخ ۋە زامان ھېسلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، دۇنيا سەھنىسىدە غالىب ئورۇنغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ مەغلۇبىيەتچىلەرگە سۆزلەيدىغان تۇنجى دەرسى «بويسۇندۇرۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغانىكەنسەن ،بويسۇنىشىڭ كېرەك »دېگەن ماۋزۇدا بولغان .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، بېيىش جەھەتتە ئالدىنقى قاتارنى ئىگىلىگەن مەنسەپدار دەل نادانلىقتا قالغان ئەلنى باشقۇرۇۋاتقان مەنسەپدار بوپكەلگەن .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا مۇئامىلە قىلىشىدىكى مىزانى - «خوجايىن بولالمىغانىكەنسەن ،قۇل بولىسەن» دېمەكلىكتۇر .

▲ باراۋەرلىك - ئاجىزلارنىڭ قەلبىدە ، كۈچلۈكلەرنىڭ قەلىمىدە ئىپادىلىنىدىغان ، ئەمما يولۇقتۇرماق تولىمۇ تەس بولغان نەرسىدۇر .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە نوپۇز ۋە سىياسەتنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇشى شۇ جەمئىيەت مەنسەپدارلىرىغا ئامەت ئەكەلسە ، قانۇننىڭ نوپۇز ۋە سىياسەتتىن ئۈستۈن تۇرۇشى ئۇلارغا ئاپەت ئەكەلگەن .

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەكچى بولساڭ ، كۈلۈۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا ئەمەس ،يىغلاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ياشاپ باق .

- تۇردىھاجىم ئابدۇباقى

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## كۆڭلۈمدىكى ئويلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش - ئازدەسمايە بىلەن كۆپ پايدا تاپقىلى بولىدىغان تەپەككۇر تىجارىتى .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مېنى - ماڭا ،سىزنى - سىزگە ،ئۇنى - ئۇنىڭغا ،شۇنداقلا بىر پۈتۈن توپنى ئۆزىمىزگە ياخشى بىلدۈرۈۋاتىدۇ ، تونۇتىۋاتىدۇ .چۈنكى ئۇنىڭدىن زىيالىيلارمۇ ، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ،دېھقانلارمۇ ،موللا-ئۆلىمالارمۇ ، سەبىيلەرمۇ ئۆز سېيماسىنى كۆرەلەيدۇ ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىنكاسى ،باھاسىنى بىلەلەيدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مۇقاۋىسىدىكى مىللەت تۆھپىكارلىرىنى كۆرۈپ ئىشەنچىگە تولسام ،ھەرقايسى سەھىپىلەرگە بېرىلگەن قىستۇرما رەسىملەرنى كۆرۈپ تەگسىز ئويلارغا چۆكىمەن .

- ئابدۇرېھىمجان ئابلىز

ئاپتور : يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن چاچرىغان تامچە

▲ ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا قىزىل تون كىيىپ ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلغان بولسا ، ھازىر يىگىتلىرىمىز قىزىل كىيىم كىيىپ ئۆزىنىڭ غىتمەكلىكىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ .

▲ باتۇرلۇق بەزىدە رەھىمسىز ئادالەت بوپقالىدۇ .

▲ ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن ،باشقىلار مەندەك قىلالمايدۇ دېگۈچىلەر بىر بولسا بىردىنبىر ھەقىقەتچى ،بىر بولسا تۈپتىن گۇمانخور - مەنمەنچى ئادەمدۇر .

▲ كىنو كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئالدىن

بەلگىلىنىدىغان تراگېدىيە.

— ئابدۇخېلىل ئەمەت

ئاپتور: باي ناھىيە قاراباغ يېزا توپىلىق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ سۆيگۈچى بىلەن سۆيۈلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى قۇياش بىلەن گىياھنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بىر-بىرىنى كۆرمىسە زارىقىدۇ، كۈتىدۇ. كۆرۈنگەندە كۆيىدۇ، چاڭقايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئېغىر روھىي كرىزىسكە تولغان دەقىقىلىرى ئۇنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىشىنىڭ ھازىرلانغان پەيتىدۇر. ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنى ھالاكەتكە باشلايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىنىڭ مەنبەسى.

▲ ئۆگىنەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئۆزۈڭنى مەجبۇرلىما. ئەمما ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل زېھنىڭنى سەرپ قىل. مانا سەن شۇندىلا ئۆزۈڭدىكى ئەقلىي كەمتۈكلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايسەن.

▲ قىزلار «سۆيۈملۈك قاتىل». ئوغۇللار ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سالغان شەكىلسىز خەنجىرىنىڭ ئازابىنى ھېس قىلغاندا دەردلىك كۈلۈمسىرەيدۇ.

▲ ھەممىمىز — ۋاقىتنىڭ ئوۋلىرى. يۈگۈرەلمەيدىغانلىرىمىز ئۇنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ غايىب بولىمىز، ئەمما يۈگۈرەلەيدىغانلىرىمىز بولسا ئولجىلىقتىن قۇتۇلۇپ ۋاقىتتىن ھالقىپ كېتىمىز.

▲ ئادەملەرگە باش ئۇرۇش ماھىيەتتە ئادەمدىن نۇسرەت تىلەپ تەڭرىدىن يۈز ئۆرۈشتۇر.

▲ قورقۇش، مېنىڭچە بۇمۇ بىر خىل تەدبىر.

▲ يالغان-ياۋىداق ۋەدىلەرنىڭ قۇربانىغا تولا ئالدىنىدىغان قەۋمنىڭ پۇقرالىرى بىر بولسا ئەڭ تەجرىبىلىك، بىر بولسا ئەڭ تەنتەك.

▲ بىر ئالىم يېرىم كېچىدە «مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەققىدە ئويلىنىش» سەرلەۋھىسىدە ماقالە يېزىۋاتقان دەقىقىدە كىشىلەر ئاللىقاچان چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «دېھقان نېمە دەيدۇ؟» سەھىپىسىنى كۆرۈپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، دېھقانلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرى ماھىيەتتە ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تەپەككۇرىدۇر.

▲ پەقەت غەرەزسىز كىشىلا ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ چىن-سەممىي سۆيگۈسىنى بېرەلىشى مۇمكىن.

▲ خۇراپاتنىڭ ئىستېمالدىكى بۇرۇنقى مەنىسى «تام-توساق»، ھازىرقى مەنىسى «ئۆزلۈك» مىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

▲ قۇشلارنىڭ ئەڭ بەختلىك تەرىپى شۇكى، ئۇلار ئۆزى ئۇچۇپ بارالىغان ھەرقانداق جايدىكى ۋەتەندە غېرىبلىق ھېس قىلمايدۇ.

▲ «توغرا چۈشىنىش»، ماھىيەتتە چۈشىنىشكە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەمنىڭ يەنىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزدۇر.

▲ ئاتا-ئانىلار بالىلارنى، ئەرلەر ئاياللارنى، مويسىپىتلەر يىگىتلەرنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدى. ئەمدى نېمە بولدى؟ ھەممە بىر-بىرىگە ئىشەنمەس بولۇپ، ئائىلىۋى بىرلىك يىمىرىلىشكە باشلىدى.

▲ ئارىمىزدىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرىنى خەلقىمىز تونۇماسلىقىدىكى سەۋەب: خەلقىمىز ئۇلارنى چۈشەنمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئالىملىرىمىزنىڭ خەلقىمىز تورمۇشىغا چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكىدە.

▲ غەربلىكلەر بىزنىڭ مەدەنىيەتلىرىمىزنى تەتقىق قىلىپ ئاۋارە، بىز ئۇلاردىن ئاشقان تاشلاندۇق مەدەنىيەتنى ئۆگىنەلمەي ئاۋارە.

▲ ئۈمىدلىك ئىنسان يىغلىمايدىغان ئىنسان ئەمەس بەلكى يىغلاپ تۇرۇپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتەلەيدىغان ئىنساندۇر.

▲ ئۆزلۈك بىر شەخس ئۈچۈن ئۆزىنى تونۇش، بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى بىر قېتىملىق ھالقىلىق بايقاشتۇر.

▲ نېمىلەرگە ئېرىشتىڭ؟ نېمىلەرنى يوقاتتىڭ؟ سەن مانا مۇشۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلىسەڭلا، ئىشىنىمەنكى ئېرىشىدىغىنىڭ يوقىتىدىغىنىڭدىن ھامان كۆپ بولىدۇ.

▲ قولىدىكى بىر قاچا ئاشنى باشقىلارغا تەڭلەيدىغانلار بىر بولسا ئەڭ مېھرىبان، بىر بولسا قورسىقى زىيادە توق كىشىلەردۇر.

▲ دەۋرىمىزدە ھەقىقەتكە تەبىر بەرگۈچىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مىللىيەتلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس بەلكى شەخسىيەتچىلىك نۇقتىسىدىن تەبىر بەرگەچكە ھەقىقەتكە بولغان پىكرىمىز بىرلىككە كېلەلمەيۋاتىدۇ.

— شىرمۇھەممەت تۇردى تارىم

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق ئىجتىمائىي پەن (A) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشەلمىگىنىڭدە ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلانغىن. سەن ئۆزۈڭ خالىمىغان بىرسىنى سۆيەلەمسەن؟

▲ ھاراق، تاماكا ۋە زىنا دوزاخنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

▲ تۇرمۇش گويا يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئەقىل ھەم ئېتىقاد بىلەن كونترول قىلغاندىلا بۈيۈك مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى سېنىڭ دوستۇڭمۇ؟

— ياق، ئۇ مېنىڭ تەلەپچان ئۇستازىم.

▲ ئىلىم-پەننىڭ چوققىسى سېنىڭ تەپەككۇرۇڭدا.

▲ ئەرلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشىنى، ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا دۇنيانىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ھەقىقەتكە يېقىنلىشاي دېسەڭ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» ناملىق كىتابىنى (ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتابى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاساسىدا تۈزۈلگەنىدى. — باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما) ئوقۇ!

▲ ئەي ئادەم بالىسى تىلىڭ گۈزەل بولسۇن. ئۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

▲ يۇسۇپجان سەمەت ئەفىيفىي، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئۆزۈلمەي بېسىلىۋاتقان

ئەسەرلىرىڭىزدىن زوقلاندىم ھەم مەنپەئەت ئالدىم. تەپەككۇر تۈلپىرىڭىزنى روھ چەكسىزلىككە ئەركىن قويۇۋېتىڭ. مەن سىزگە مەدەتكار!

**- تۇرنىساگۈل مەمتىمىن پىنھانە**

ئاپتور: چىراناھىيە گۈلاخما يېزا بازىرىدا، دېھقان

* * *

▲ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە قىلىنغان پىكىر ۋە مۇلاھىزە توغرا يۈنىلىشكە قاراپ ماڭسا تەجرىبە - ساۋاقتا، خاتا يۈنىلىشكە قاراپ ماڭسا غەيۋەت - شىكايەتكە ئايلىنىدۇ.

**- مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۈستەڭ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲كېسەل بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ - دورىمۇ؟ بۇرۇنقى زامانلاردا بولغان بولساكېسەل بۇرۇن پەيدا بولغان، دورا كېسەلگە قاراپ ياسالغان دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتۇق. ھازىر بولسا دورا ياسىغۇچىلار دورىنى ئاۋال ياساپ شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان كېسەلنى «يارىتىۋاتىدۇ». ھاراق ئىشلەش كارخانىلىرى بىلەن ئېلان - تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىۋاتىدۇ.

▲بىزنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىشىمىز چولتا بولغاچقا، داۋاملىق باشقىلارنىڭ «باھا» بېرىشىگە موھتاج بوپقېلىۋاتىمىز.

▲سەن ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزەتسەڭ، كۆرۈدىغىنىڭ پەقەتلا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى سەندىن ئىبارەت. ئۇ ھالدا سەن مەڭگۈ ئۆزۈڭنى كۆرەلمەيسەن.

▲ئەجدادلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ دىن ۋە يېزىق ئالماشتۇرغانلىقى ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئۇنىڭدىن بىر پۈتۈن يەكۈنگە ئېرىشكەن ۋاقتىمىزدەل بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بۇرۇلۇش ياسىغان دەۋرىمىزدۇر.

▲ باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىگە موھتاج بوپقېلىش پاجىئە. ئۆزىنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىك ئۇنىڭدىنمۇ زور پاجىئە.

▲تارىختىن مەلۇمكى، يېڭىدىن يېڭى «ئىزىم»لارنى كەشىپ قىلىش - ھۆكۈمرانىنىڭ خەلقنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەشتىكى ئۈنۈملۈك قورالى.

▲تۇزۇم قانچە ئىلغار بولغان بىلەن، گەپ ئۇنى ئىجراسىغا قويۇدىغان ئادەمدە.

▲مەدەنىيەت ۋەتەنگە ھامىلىدار. ۋەتەن مەدەنىيەتكە ھامىي. مەدەنىيەتتىن ياتلاشقان ئادەمدە ۋەتەن تۇيغۇسى ئۆلگەن بولىدۇ. ۋەتەنسىز ئادەم مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىيالمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىشكە تىرىشقىن. چۈنكى ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زور يوقىتىشلار ئاشۇ ئىلتىپاتلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى قانچە ئارزۇ قىلغانسېرى ئۆزۈڭنى شۇنچە يوقىتىپ بارىسەن.

▲ئاز گەپ قىلىدىغان ئادەم بىر بولسا زېھنى تولۇق يېتىلمىگەن ئادەم، بىر بولسا چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان ئادەمدۇر.

▲كەلگۈسىگە كىرىشتىكى كىملىكنى تارىخنىڭ ساڭا ئايان بولغان تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى ئايان بولمىغان تەرىپىدىن ئىزدە.

▲تارىختىكى ساۋاقلار دەل كەلگۈسىنىڭ يول بەلگىسىدۇر.

▲«ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دېگۈچىلەر دەل ئېگىلىپ ياشىغۇچىلاردۇر.

▲ھەقىقەت مەڭگۈ كۈچلۈكلەرنىڭ پاتېنتى.

▲ئاجىزلار ھەقىقەتنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كۈچلۈكلەر ھەقىقەتتىن قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ئۇنى ئىشلىتىدۇ.

▲ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى ئېتىقاد بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئېتىقاد سۇسلاشسا ئەقىل غالجىرلىشىدۇ. ئەقىل ئۆز رولىنى يوقاتسائېتىقاد نۇرلىنالمايدۇ.

▲تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش مىللىي يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرسە، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش مىللىي يوقىلىشنى روياپقا چىقىرىدۇ.

▲يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنىڭ قىممىتىنى خەت ساناپ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەسىرىدىكى ھەقىقەت نۇرىنىڭ يورۇتقان كەڭلىكى بىلەن ئۆلچىشى كېرەك.

▲باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرۈدىغان ئادەم بىراۋنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش قەستىدە يۈرگەن پاھىشە ئايالغا ئوخشايدۇ.

▲ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ناخشا-قوشاق ئارقىلىق مەدھىيەلەپ يۈرگەنلىكىمىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ۋاپادارلىقىمىزنىڭ ئاغزىمىزدىلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲پەرزەنتلىرىنى ئەخلاقسىزلىق - ۋاپاسىزلىقتا ئەيىبلەپ قاقشاپ يۈرگەن ئاتا-ئانىلار دەل ئۆزلىرى ئەخلاقسىز - ۋاپاسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بالىلىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

▲ئەرلەردىن ئىمان يوقالسا ئاياللار ھاقارەتكە دۇچار بولىدۇ. ئاياللاردىن ھايا يوقالسا ئەرلەر ئاھانەتكە قالىدۇ.

▲«زامانغا باققان دانىشمەندۇر» دېگەن ئادەم دانىشمەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇشى ناتايىن.

▲سەنئەتكارنىڭ نوپۇزى سىياسىيدىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇدىغان ئەلنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى دەل ئىنسانىي كامىللىقنىڭ بۆشۈكىدۇر.

**- نۇرمۇھەممەت مەمتىمىن**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك بازار كورۋات كەنتىدە، دېھقان

## تەنھالىق ھېسلىرى

▲خورلۇقتا ئۆچرىغان چېغىڭدىلا نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىسەن.

▲تونۇش چوڭقۇرلاشسا يا نادامەتكە، يا خۇشاللىققا ئېرىشىسەن.

▲بىر ئادەمنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش، بىر رەقىبنى كۆپەيتكەن بىلەن باراۋەر.

▲ ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ، ۋاز كېچىش ئۈچۈنمۇ قەتئىي بولۇش كېرەك.

▲ ئۈنىڭغا كېرەك بولمىغان نەرسە ساڭا كېرەك بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇت.

▲ ئىشەنچ تۈگىگەندە گۇمان باشلىنىدۇ.

▲ ئېغىزنى چىڭ تۇتالىلىق تەقدىرنى چىڭ تۇتالىلىق.

▲ ياخشىلىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە مەسخىرىگە ئايلىنىدۇ، يامانلىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە جىنايەتكە ئايلىنىدۇ.

**- ئەركىن ئابدۇكېرىم**

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۇەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

## تۇرمۇش ئۆگەتكەن ھەقىقەت

### ئوغلۇمغا خەت

▲ ئوغلۇم، يولدىن چىقىشتىن قورقما، چۈنكى ئۇ سېنى يېڭى يولغا باشلايدۇ.

▲ ئوغلۇم، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشتىن قورقما. چۈنكى رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويۇش ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت، رىقابەتكە قاتنىشالماسلىق بولسا مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەتتۇر.

▲ ناتونۇش نەرسىلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىسەڭلا بىلمىسىز قېلىشتىن غەم يېمە.

▲ «قارىغۇ»نى تارىيەردە قىستاۋەرمە، بولمىسا «كۆزى» ئېچىلىپ كېتىدۇ.

▲ تىرىش - تىرماش، ئالدىدىكىلەردىن ئۆتۈپ كېتەلمىسەڭمۇ، ئارقىدىكىلەردىن كېيىن قالمايسەن.

▲ ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇن: بىرى قېرى كىشى بىلەن، بىرى كونا نەرسە بىلەن، يەنە بىرى كىچىك بالا بىلەن بىھۇدە ھەپىلەشمە. قېرى سېنى ئۆتكەملىكى بىلەن، كونا نەرسە ئەبگالىقى بىلەن، كىچىك بالا ئەقىلسىزلىقى بىلەن مات قىلىدۇ.

### ئىزغىرىن خىياللار

▲ يولۋاس قەپىسى ئاستىدا ئۇۋا سالغان چاشقانغا مۈشۈك چىقىلالمايدۇ.

▲ ئېتىقاد كۆڭۈلدە ساقلىنىپ، ھەرىكەتتە نامايان بولسا ئۆز كامالىتىنى تاپىدۇ.

▲ خورلۇق ھېس قىلىنمىغان يۈرەكتە ئازاب بولماس.

بەخت ھېس قىلىنمىغان يۈرەكتە شادلىق بولماس.

▲ تۆھمەتكە دەسمىي كەتمەس، ئۇنى ئاقلاشقا ئاز بەدەل يەتمەس.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، زۇلمەت كىشەنلىرى باتۇرقوللاردا چېقىلغان، سەلتەنەت تەختى مىشچان قوللاردا ۋەيران بولغان.

▲ ئۆزۈڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن ۋاز كەچكىنىڭ بىر بولسا تېخىمۇ چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكىنىڭ، بىر بولسا مەغلۇب بولغىنىڭ.

▲ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق مەخپىيىتى بولمىغان كىشى ئەڭ بىچارىدۇر.

▲ بىزدە كىشىتىن بۇرۇن مەغلۇبىيەت ئۈستىدە ئويلىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس، بىراق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن سەۋەبىنى باشقىلاردىن ئىزدەيدىغانلار ئاز ئەمەس.

▲ ئايالسىز تۇرمۇش تۇزسىز شورپا، ئەرسىز تۇرمۇش ئاتسىز ھارۋا.

▲ باشقىلارنىڭ «مۇقامى»غا تولاش سەنئەت، ئۆزىنىڭ «مۇقامى»غا تولاش غەيرەت - شىجائەت.

▲ توغرا بىلەن خاتا ئوتتۇرىسىدا كۆرەڭلەپ كەتمە، بۇ پەقەت رىيائىلىقنىڭ سىنىڭ «ئۆلچىمىڭگە ماس كېلىش - كەلمەسلىك مەسىلىسى، خالاس.

▲ يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان مۇنار بىر كۈنى غۇلاپ چۈشىدۇ، ئۆزى تىكلەنگەن مۇنار مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

▲ باشقىلارنىلا ئويلىساڭ چاكار بولىسەن، ئۆزۈڭنىمۇ قوشۇپ ئويلىساڭ خوجايىن بولىسەن.

**- ئوبۇلقاسىم باقى**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر چاچقۇلىرى

▲ كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىمىزنى ناخشىغا يۆلەپ تۇرۇپ ئېيتىشلىرىمىزنىڭ سەۋەبى بىر بولسا تارتىنچاقلىقىمىزدىن، بىر بولسا قورقۇنچاقلىقىمىزدىن.

▲ نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھامان كىملەردىندۇر قورقۇش ھەم كىملەرنىدۇر قورقۇتۇشتەك روھىي ھالەتنىڭ رېژىسورلۇقىدا ياشايدۇ.

▲ ئەگەر ياشلىرىمىز ھىندىلاردىن مۇھەببەت باغلاشنى، ئىنگلىزلاردىن غەلىتە، يىرىم - يالىڭاچ كىيىنىشنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا يەھۇدىيلاردىن ۋەتەن سۆيۈشنى، نېگىرلاردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئۆگەنگەن بولسا، بۈگۈنكى روھىيەت پاجىئەلىرىگە قالمىغان بولاتتى.

▲ «ئاپا» سۆزى تىلىڭنىڭ ئۇچىدىن چىقسا، «ئانا» سۆزى يۈرىكىڭنىڭ بېغىچىدىن چىقىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، ئېغىزىڭغا لىق تولدۇرۇپ زىكىر قىلىپ كۆر.

▲ خۇددى قۇياش تەبىئەتنى بۇيرۇقسىز باققىنىغا ئوخشاش، دېھقانمۇ ھەممىنى مىننەتسىز بېقىۋاتىدۇ.

**- ئەزىز تۇردى ئاقھون**

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھۆكۈمدارلار ئويغاق ھېسلاردىن بەك قورقىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەقىل تۇغىدۇ ئەمەسمۇ.

**- ئەيسا ئىمىننىياز**

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى شەھەر قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش فاكۇلتېتى 2001 - يىللىق 15 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە جاننى تىكىپ قويۇپ ئېرىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يەنە نۇرغۇنلىرىدىن جاننى تىكىپ تاشلىۋېتىش - ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

▲ پىچاق ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىدا .

▲ بىزدىكى «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەننى مېنىڭچە ھازىر «پۇلدىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن تۈزۈك .

ـ ئابلىكىم مەتخېلىل

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 1ـئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## دانالار ئىزىدىن

▲ ئەي ئوغلۇم، ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغىنىڭكى، تەگرىنىڭ سورىقىدىن تەمتىرىمەيسەن .

▲ خالايىقنىڭ كۆزىدە يىقىلغاننى ئاجىزلار نومۇس بىلىدۇ، كۈچلۈكلەر ئۆرە تۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ بىلىدۇ .

▲ ئەي كىبىر قاچان مەندە پەيدا بولدۇڭ؟

ـ سەن سەھنىدە ماختالغاندا .

▲ ئەخلاق دۇنيانىڭ قانۇنىدۇر .

▲ ھەقنى سۆزلىيەلىسەڭ بەختىم دەپ بىل .

ـ خەمىت ئىسمائىل

ئاپتور :قورغاس ناھىيە ئىچگاشەن ئاشلىق پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ مېكيانىنىڭ تۇخۇم تۇغۇپلا ۋاتاقلىشى ـ ھازىرقى زامان ئېلان سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي مۇقەددىمىسى .

▲ قانۇن سىياسەتنىڭ ئاكىسى . ئېسىڭدە بولسۇن، ئويناشقاندا ئۇكىسى يەڭگەن بىلەن، رەسمىي بەل تۇتۇشقاندا ھامان ئاكىسى يېڭىدۇ .

▲ باشتا روزى سايىتتەك دەردۋاز دېھقانىيەت پېشۋاسى «دېھقان» دەپ جار سالغان بولسا، ئەمدىلىكتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك تەپەككۇر نەشر ئەپكارى دېھقان ئۈچۈن چوقان كۆتۈرۈۋاتىدۇ . مانا بۇ شەخسنىڭ كوللېكتىپلىشىشى .

ـ ئەخمەتجان ئابدۇللا، ماھنۇر مەمتىمىن

ئاپتورلار :خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات 2003 ـ يىللىق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى

▲ بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تولۇقى بىلەن ئوقۇپ تۇرۇۋىغان بولسا، ئۆزىنىڭ بۇرچى، خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى، ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، خەلققە كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن بولاتتى .

ـ ئىسھاق مۇھەممەت

ئاپتور :ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا قايىراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ مەن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى كۆردۈم .

ـ شېرىنگۈل

ئاپتور : ئاۋات ناھىيە بېشئېرىق بازىرىدا

▲ سەن بىلەن بىر يولدا بولمىغانلىكى كىشىگە نەپرەت كۆزۈلۈك بىلەن قارىما . بەلكىم ئۇ باشقا بىر يول بىلەن سەن ئىنتىلگەن نىشانغا قاراپ مېڭىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

ـ ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئۈمىدۋارلىق كەسپتىكى روھىي دەسمايە .

▲ چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىنتىلسەن، چۈشەنگەندىن كېيىن «شۇنچىلىك» لىكىنى ھېس قىلىسەن .

ـ ئابدۇغېنى ئابدۇرەھمان

ئاپتور :ئاقتۇ ناھىيە 1ـئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3ـيىللىق 5ـسىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەملەر جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىنى داۋالىغۇچىلاردىن مەنىۋى جەھەتتىكى كېسەللىنى داۋالىغۇچىلارغا بەكرەك موھتاج بولىدۇ . دەل «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مەنىۋىيىتىمىزنى داۋالايدىغان دوختۇردۇر .

▲ ئەرنىڭ ئائىلىگە بولغان ساداقىتى بالىلىرىنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى تۇغدۇ . ئائىلىنىڭ ئەرگە بولغان مېھرىبانلىقى ئائىلىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ .

ـ پاتىگۈل مۇھەممەت

ئاپتور :يوپۇرغا ناھىيە 1ـئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس مۇنبىرىدىكى ئەركىنلىك كۈچ ـ قۇدرىتى نامايان بولمىسا، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى خۇددى قەپەس ئىچىدىكى قۇشنىڭ ۋىچىرلىغىنى بىلەن ئوخشاش .

▲ باشقىلارغا يول كۆرسىتىشتىن ئاۋۋال ئۆز پاراستىڭىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىر سىناپ كۆرۈڭ .

ـ ساۋۇت نۇر

ئاپتور :كونىشەھەر ناھىيە سايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيونېرى

▲ تىل پاجىئەسى ـ مىللەت پاجىئەسىدۇر .

ـ رەناگۈل ئاتاۋۇللا

ئاپتور :ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا ئېكساق كەنتىدە، دېھقان

## شەيتان سۆزلۈكلەر

### تېمىسىز

▲ تەر تۆكسەم خۇدا بەردى،
بەرمىدى «خۇدابەردى» . . .

### غالچا

▲ چوڭ پىتتىن كىچىك پىت بەكرەك چاقار،
بۆك ئال دېسە شاپاشلاپ كاللا چاپار .

ـ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

ئاپتور :قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ سەن ئۇنۇتماقچى بولغان كەچمىشلەر سېنىڭ كەلگۈسىڭنى تونۇپ چوڭ قىلغۇچىدۇر.

**— ئابلاجان مۇھەممەت**

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئۈزۈك تىنىقلار

▲ تەشەببۇس قىلىنىپ ئەمەلىيلەشمىگەن نەرسىلەر قانچە ماختىغانسېرى ئۇزۇننىڭ يالغانلىقىنى ئىنتايىن تېز ئاشكارىلايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. قىممىتى بار، چىن، جانغا ئەسقاتقۇچى نەرسىلەر يوشۇرۇنغان، قات-قات باھالىق بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنى قوغلىشىدۇ.

بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قاچقاننى قوغلاش، چاپلاشقاندىن قاچ» دېگەن دانا ھېكمىتىنىڭ زامانىمىزدا ئىسپاتلىنىشىمىدۇ؟

▲ شەكىلۋازلىق ئەقىل ۋە ۋاقىتقا چېچىلغان زەھەرلىك دورا.

▲ ئېتىقاد — ئاللانىڭ ئادەملەرنىڭ ئادىمىيلىك خىسلىتىنى ساقلاشقا بەرگەن ئەڭگۈشتىرىدۇر.

▲ پەيلاسوپلار — ئالەمنىڭ سىرىدىن بىشارەت بەرگۈچى ئەۋلىيالاردۇر.

▲ بىلىم قەدرى ئۆتۈلگەندە بىلىم ئەھلىلىرى ھۆرمەتلىنىدۇ، ھوقۇقدارلار تۈزۈلىدۇ، نادانلار ئويغىنىدۇ.

▲ خىزمەتلىرىمىزدە ۋەدە — قەسەملەرنىڭ كۆپ بولۇشى، روھىيىتىمىزدىكى نامراتلىقنىڭ ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشىدۇر.

**— توختىنىياز ئالىم**

ئاپتور: بوگۇر ناھىيە چومباغ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئىلگىرى ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە قاراپ ئۆزۈمنى يالغۇز، دوستۇم يوقتەك ھېس قىلاتتىم. ئەمدىلىكتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى، نۇرغۇن دوستلۇرۇمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ خۇشاللاندىم.

**— ئابلىكىم ئىبراھىم**

ئاپتور: غۇلجا شەھەر توپىدەڭ كوچىسىدا، تامچى

▲ مېنىڭ مەڭگۈ دوستۇم ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىدى. ھازىر ئىككى دوستۇم بار، يەنە بىرى بولسا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.

**— غاپپار تۇراخۇن**

ئاپتور: غۇلجا شەھەر يېڭىيەر يېزا لۇچۇدەن كەنتىدە، دېھقان

▲ مەنسەپدار بىلىملىككە يېقىنلاشقا ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

**— ئابدۇغېنى ئەمەت**

ئاپتور: قەشقەر «كۆك ئاسمان» يىپەك بوياقچىلىق ئىمپورت — ئېكسپورت چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ روھىيىتىڭنى ساپلاشتۇراي دېسەڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدىكى تونۇش ھېكمەت» (مەزكۇر كىتاب مەرھۇم ئالىمنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەندى. — باش مۇھەررىردىن)، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» (مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلار يازغۇچىنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەندى. — باش مۇھەررىردىن) دېگەن كىتابلىرىنى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى ئوبدان چۈشەنمەكچى بولساڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانلىرىنى، تەپەككۇر دالاسىغا سەپەر قىلاي دېسەڭ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى» (مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغانىدى. — باش مۇھەررىردىن)نى، ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتنى مۇھاكىمىلىك نەزەر بىلەن كۆزەتمەكچى بولساڭ سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىنى ئوقىغىن. ئەگەر مەزكۇر كىتابلارنى ئوقۇشقا شارائىتىڭ يار بەرمىسە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغىن.

**— ئەبەيدۇللا نىزام**

ئاپتور: شىخو شەھەر 6-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئىزغىرىن ئويلار

▲ سەن ئېرىشەلمىگەن گۈزەللىك ھامان ئىلاھىي ۋە غايىۋى تۇيغۇلار بىلەن قەلبىڭدە نۇرلىنىدۇ.

▲ ئادەملەر كوچىدىكى ئاچ-يالىڭاچ، پۇت-قولى يوق تىلەمچىلەرگە قاراپ تەسىرلەنمەي، سەنئەت كېچىلىكىدە ياش تۆكۈدىغان بوپكەتتى.

▲ مىللىتىمنىڭ قىز-ئاياللىرىغا قولۇمدىن كەلگەن بولسا ھەر بىرىگە ياسىنجان سادىقنىڭ «جاللات خېنىم» ناملىق رومانىنى بىردىن سوۋغا قىلاتتىم.

**— قۇربان نۇر**

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «بۇلاقكۆل» رېستورانىنىڭ خىزمەتچىسى

## كۆڭۈلدىكى گەپلەر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىز ياشلارنىڭ دوستلۇق بېكىتى بوپقالغۇسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ناتونۇشلارنى سىرداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ھەربىر تەپەككۇر تامچىسى لاۋۇلداۋاتقان ئوتلۇق يۈرەكلەرنىڭ چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلىرىدۇر.

▲ مۇھەببەتنىڭ يېقىمسىز تۇرمۇشىدىن بىزار بولغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى دۇردانىلەرگە نەزەر سال.

▲ يالىڭاچلىق — ھايۋانلىق، ھايالىق — ئادەملىك.

**— خاسىيەت سامىلاق**

ئاپتور: كۈچا ناھىيە چىمەن بازىرى مەدەنىيەت-تەنتەربىيە

مەركىزىمىزنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەتچىسى

## رەڭدار تاشلار

▲ كەمبەغەل ئادەم خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرگەنلا ئادەم قاچىدۇ.

▲ نادىر ئەسەر يازغۇچىنىڭ يۈرىكى. يازغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى نادىر ئەسەرلىرى دۇنياغا قايتاتەۋەللۇت قىلىدۇ.

▲ چۈشۈن - يۈزى قېلىن ئادەملەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى.

▲ بەختسىزلىككە يولۇققان چېغىڭدا دۈشمىنىم دەپ قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە قارا. شۇ چاغدا ئۇنىڭ دۈشمەن ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالايسەن.

▲ بىرى مۈشكۈل، بىرى ئاسان ئىككى ئىشقا يولۇقساڭ ئەۋۋىلىدە ئاسان ئىشنى تاللا. چۈنكى ئاسان ئىشنى قىلىش جەريانىدا مۈشكۈل ئىشنىڭ يولى تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ بۈگۈنكى كۈندە چىن مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىلا بار، خالاس.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشى، ئۆزۈڭنىڭمۇ ئاجىز ئەمەسلىكىڭنىڭ دەلىلى.

▲ قەيسەرلىكنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى، گېزى كەلگەندە ئۆز نەپسىگە يۈگەن سېلىش.

▲ ئاياللارنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى كۆز يېشى، ئەڭ خەتەرلىك قورالى كۈلكىسى.

▲ ئۆتەك قىزغىنلىق بىلەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنى يامان كۆرۈپ قالساڭ، ئۆزۈڭنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچار بوپقالغانلىقىڭنى سەزمەيلا قالىسەن.

- قادىر ئابلىز

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازىرىدا، دېھقان

## تەپەككۇر ئۇزۇندىلىرى

▲ ھازىر خادىم تەكلىپ قىلىشتا ئىقتىدارلىقلار شاللىنىپ، ساھىبجامالللار تاللىنىۋاتىدۇ.

▲ ئاڭلىغان، ئوقۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسى. ئاڭلىغان، ئوقۇغىنىدىن گۇمان قىلىش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ دەلىللەش ئالىمنىڭ ئىشى.

▲ بىلىمسىزلىك تراگېدىيە، ئەخلاقسىزلىق پاجىئە.

▲ «تىلىسەڭ بەرمىدى» دەپ تەڭرىدىن ئاغرىنىش ھاجەتسىز. تەڭرى بىزگە تولۇق بەردى. بىز بەرگىنىنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز، خالاس.

▲ خەلق ئالىمنى يارىتىدۇ، ئالىم خەلقنى يېتەكلەيدۇ.

▲ ئىشچان ئىشلەپ ھۇزۇرلىنىدۇ، ھورۇن ئۇخلاپ.

▲ تەبىئەتتىن ئۆگىنىپ، جەمئىيەتتە ئىشلەتسەڭ ئالىم بولىسەن.

▲ بىر قېتىم «توۋا» دېسەڭ بىر ئەقىل تاپىسەن.

▲ ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەرگە بايلارنىڭ بالىلىرى كىرىدىغان (ئوقۇمايدىغان)، گادايلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن ئوقۇيالمايدىغان (كىرەلمەيدىغان) بوپقالدى.

▲ ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلۇغ دېگىلى بولمايدۇ. بەزەن ئالىملارنىڭ كەشپىياتى ئىنسانلارغا زور ئاپەت، چوڭ تالاپەتلەرنى ئەكېلىدۇ.

▲ ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى تارىخنى قان بىلەن يېزىپ چىققان. بىز ھازىرقى تارىخنى ئەقىل-بىلىم بىلەن يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

▲ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى گرافىكتىكى نومۇر بىلەن ئەمەس، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئىشسىز يۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

▲ باشقىلار ماڭغان يولدا مېڭىۋەرمەي، يېڭى يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەنلەر ئىسلاھاتچىلاردۇر.

▲ جىمىكى تەشنالىق قانىدۇ، بىلىم تەشنالىقى مەڭگۈ قانمايدۇ.

▲ بالىلارغا ئەمگەك، تېخنىكا تەربىيىسى بەرمىگەن مەكتەپ، ناتىقپىلارنى تەربىيىلىگەن مەكتەپتۇر.

▲ تىرىشىپ ئۆگىنىش، توختىماي ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز بىلىم ئېگىلەش ۋە ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشنى ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىسەڭ، قەد كۆتۈرەلەيسەن.

▲ ئۇستازنىڭ نۇرغۇن ياخشى سۆزلىرىدىن، ئۈن-تىنسىز ئىشلىگەن ياخشى ئىشلىرىنىڭ تەربىيە-تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ.

▲ تۇرمۇشنىڭ بەختسىزلىكلىرى سايىدەك سىز بىلەن تەڭلا يۈرىدۇ، بەختلىك تەرىپى ھەممىشە پىنھان تۇرىدۇ.

▲ مېڭىمىز گوياكى خەزىنە، ئۇنىڭ ئاچقۇچى «نېمە ئۈچۈن؟»

▲ قۇرۇق خىيال ئادەم ئۆزىگە ئۆزى سېلىۋالغان كويزا-ئىشكەل.

▲ زاماننىڭ تىنىقىنى بىلىپ، يامانىنىڭ قىلىقىدىن يىرگىنىپ، ئۆزىنى بىلىپ، ئۆزگىنى چۈشەنگەنلەر ھايات يولىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقالايدۇ.

▲ خەلق ئۇرۇش يىللىرى قەھرىمانىنى، تىنچلىق يىللىرى ئالىمنى تۇغىدۇ.

▲ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر - ئۆز قەۋمىنى يېڭى يول تېپىپ، مەنزىلگە يەتكۈچە يېتەكلىگەنلەردۇر.

▲ نادان ھاكىم تەرەققىياتقا توساق، ئالىمغا چۈشەك، يامانغا يانتاياق، ئاۋامغا توقماق بولىدۇ.

▲ باتۇرلار پىداكارلىقى بىلەن، ئالىملار كەشپىياتى بىلەن، يازغۇچىلار ئەسەرلىرى بىلەن، سەنئەتكارلار ماھارىتى بىلەن، سپورتچىلار نەتىجىسى بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلاردۇر.

▲ ھەقىقىي پاكلىق ئەرشتە پەرىشتىلەردە، زېمىندا سەبىيلەردىلا قالدى.

▲ قىزلار نازى بىلەن جەلپ قىلسا، ئوغۇللار سۆزى بىلەن جەلپ قىلىدۇ.

▲ مەدھىيىلەشنى بىلىپ، تەنقىدلەشنى بىلمىگەن نەشرىي ئەپكار سايە بېرىپ، مېۋە بەرمەيدىغان دەرەختۇر.

▲ ھاراق سانتانلار - دوزاختا بىلەت ساتقانلار.

▲ تولىمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمدىن ئىبارەت ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يانچىلىدۇ.

▲ تېلېۋىزوردا بىردەم خەۋەر، بىردەم زەھەر، بىردەم مەنىۋى ئوزۇق، بىردەم مەنىۋى بۇزۇقنى

كۆرسىتىلگەن بولۇۋالدى.

▲ دىيارىمىزدىكى ھەقىقىي شائىرلار ئۆلۈپ كەتتى. ھەقىقىي شائىرلار يېتىشىپ چىقمىغاچقا شېئىرنىڭ كۈرسى چۈشۈپ كەتتى.

▲ مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم مەڭگۈ روناق تاپالمايدۇ. 1. پاھىشىۋاز، 2. قىمارۋاز، 3. ھاراقكەش.

▲ مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم دۇنيادا ئەڭ پەسكەش ئادەمدۇر. 1. مۇناپىق، 2. خۇشامەتچى، 3. چېقىمچى.

▲ ھاراقكەش دۇكاندارغا دارامەت، ئائىلىگە ئاپەت، ئۆزىگە ھالاكەت ئەكېلىدۇ.

▲ بەزىلەر سايلامدىن ئىلگىرى «بىز خەلقنىڭ چاكىرى» دەۋالىدۇ، سايلانغاندىن كېيىن «ئەمرى» بولۇۋالىدۇ.

▲ ئىغىز كېسەللىكىنىڭ دەرۋازىسى، پەرھىز دەرۋازىنىڭ كۆزەتچىسى، تازىلىق - قۇلۇپ.

▲ مىللەتنىڭ خارابلىشىشى ئاتىلارنىڭ بىلىمسىزلىكى، ئاتىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئۇستازلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىدىن باشلىنىدۇ.

▲ ھاراقكەشلەرنىڭ كۆنى ھاقارەتلىك، يولى ھالاكەتلىك بولىدۇ.

▲ پۇل-مال ئىككى خىل ئادەمدە تۇرىدۇ: بىرى ئەقىللىق ئادەم، يەنە بىرى بېخىل ئادەمدە.

▲ قويمىچى بىخۇدقا، ئوغرى بىپەرۋاغا، بۇلاڭچى قورقاققا، ساختىپەز گولغا ئامراق.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، تاۋارلىرى ئىشەنچىسىز كارخانىلار ئېلاننى كۆپ توۋلايدۇ، «ئىزىم»لىرى ئىشەنچىسىز بولغان پارتىيە - گۇرۇھلار شوئارنى.

▲ ھاراق سېتىش - قانۇن يول قويغان زەھەر سېتىش.

▲ ئىت سۆرلۈك قاۋايدۇ. خوجايىن ئۇنى زەنجىردە باغلاپ، يۇندا بېرىپ قورۇدا كۆزەتكە قويىدۇ. مۈشۈك مۇلايىم مياۋلاپ، سۈركىلىپ ئەركىلىگەچكە خوجايىن بىلەن بىللە يېتىپ، بىللە غىزالىنىدۇ. خالىي قالغاندا ئوغرىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ.

▲ ئاچچىق پارتلىسا، ئەقىل يارىلىنىدۇ.

▲ قىزلىق ئىپپىتى پورەكلەپ تورغان غۇنچە، ئۈزۈلدىمۇ ئۇلانمايدۇ.

▲ ياخشى تەربىيە كۆرگەن قابىلىيەتلىك بالا - ئائىلە ئۈچۈن تىكلەنگەن ئابىدە.

▲ ئانىلار ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئىنژېنېرلىرى.

▲ ھاراق نېمانچە قاڭسىق؟

- چۈنكى ھاراق ھەممە گۇناھلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان.

▲ مۇھەببەت سۆزدە ئىپادىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە سىنالمىسا پاھىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ جەڭ مەيدانلىرىدا ئوقتىن ئۆلمىگەن قەھرىمان زىيابەت جوزىلىرىدىكى ھاراقتىن ئۆلگەن.

▲ ئاۋكاغا زەردار كىرىپ، قەرزدار بولۇپ چىقىدۇ.

▲ قەيسەر-ياۋايى مىللەتتىن باتۇر چىقىدۇ، ئىلغار - مەدەنىي مىللەتتىن ئالىم چىقىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» شىرىن - لەزىز، ئاچچىق-چۈچۈك، ھەرخىل رەڭلىك، كۆپخىل تەملىك بولۇپ، ئاجىزلارغا كۈچ-قۇۋۋەت، كۈچلۈكلەرگە ساۋاق-ئىبرەت، ئەمالارغا تاياق، زۇلمەتتە قالغانلارغا چىراغ، كېسەللەرگە شىپا، ھەممىگە ياقىدىغان ئۇنىۋېرسال ئۇنۇملۇك دورا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى داۋاملىق سۆيۈپ ئوقۇپ، «ئاقىللار مەكتىپى»دە ئوقۇغاندەك ئۇنىۋېرسال بىلىمدىن خەۋەردار بولۇۋالدىم.

**- ياقۇپ ھەمدۇللا**

---

- ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ھايات قەترىلىرى

▲ بىز پۇلنى شۇنچە تىللىدۇق، لېكىن قايسىمىز پۇلنىڭ مەرىدىن كېچەلىدۇق؟

▲ باسۇرۇپ قويۇلغان نەرسە، بىر بولسا پارتلاپ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، يەنە بىر بولسا چىرىپ تۈگەيدۇ.

▲ ئىنسان ھاياتنى ئاتقان ئوققائوخشىتىدۇ. بۇنى خاتا ئوخشىتىشمىكىن دەيمەن. چۈنكى ئاتقان ئوق ئاخىرى پارتلاپ تۈگەيدۇ. لېكىن ئىنسانلار ئۈن-تىنسىزلا كېتىپ قالىدۇ. پارتلايدىغانلار بولسا ناھايىتى ئاز.

▲ سەن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالىغۇچى بولساڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئويلا، ئاندىن ئائىلەڭنى، ئاندىن مىللىتىڭنى، ئاندىن ۋەتىنىڭنى ئويلىساڭ بولىدۇ.

**- مۇھەممەتجان ئۆمەر**

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر سۆزلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرقىدەك نوپۇزلۇق ژۇرنالغا ئايلىنالىغانلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى - ئۇنىڭ نوپۇزسىز بولغانلىقىدا. چۈنكى ئۇنىڭ خاسىيەت ئالاھىدىلىكى — دۆلەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ مەدىكارغىچە ئۆز قويىنىدىن ئورۇن بەرگەن — ئادەمنى تونۇماي ئەسەرنى تونۇغانلىقىدا.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىكلەر قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى - شۇ ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاۋام تەرىپىدىن نورماللىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىدا.

▲ تىكتاك توپ ئويناپ يېڭىلىپ قېلىۋىدىم، پالاقنى پالاققىدە تاشلىدىم. بارچە گۇناھنى ھازىرچە گەپ قىلالمايدىغانلارغا دۆڭگەپ قويۇش نېمىدېگەن ئاسان-ھە؟!

**- باراتجان قادىر**

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە خاڭدى بازار كويلا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈچۈر تورى، ئىنتېرنېت تورى دېگەنلەر مەيدانغا

كېلىپ ئۆز ئارا ئالاقە ئورناتقان بولسا، بىز دە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇناسىۋەت تورى شەكىللىنىپ، يۇقىرىلارنىڭ ئىش بېجىرىشى كۆڭۈلسىز قىيىنلاشماقتا.

- خېلىل ئابلىمىت

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## پارچە-پۇرات تۇيغۇلار

▲ ئەخلاق ئائىلىق ئۇرۇق، ئېتىقاد ئاتىلىق ئۇرۇق، ئىككىسى بىرلەشسە ئىنسانىي كامىللىق بولار تەۋەللۇت.

▲ ئادەمنى ھوقۇق ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت، باشقىلار چىقارغان تارىخنىڭ ئەخمىقانە يەكۈنلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

▲ سۈكۈت پارتلاش ۋاقتى-قەرەلىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەڭ خەتەرلىك بومبىدۇر.

- تۇرغۇن پەيزۇللا يولغۇن

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايايلاق يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى

## ئۇلۇغ-كىچىك تىنىقلار

▲ شىنجاڭنىڭ جاي-جايلىرىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىنىڭ يۇتكول ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئاۋامنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز»لىرىنى دەپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە ئۇنىڭ جان كۆيەر پەرۋىشكارلىرىغا نەزىرىنىڭ چۈشمىگەنلىكىگە تولىمۇ ھەيرانمەن! بۇ بىر بولسا «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق»لىقىدىن، بىر بولسا «چىراغ تۈۋىنىڭ قاراڭغۇ»لىقىدىن بولسا كېرەك.

▲ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئەۋلادلىرىمىزنى شەرم - ھايادىن مەھرۇم قىلسا، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇلارنى ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

▲ تەن ئىككى جەھەتتىن ئاسان خورايدۇ: بىرى ماددىي جەھەتتىكى زىيادە ئاچكۆزلۈك، يەنە بىرى مەنىۋى جەھەتتىكى زىيادە چۈشكۈنلۈك.

▲ شارون «ئايرىش تېمى»نى زېمىنغا سالغان بولسا، ئەرافات «ئايرىش تېمى»نى ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىگە سالدى.

▲ ھەر قېتىم ژۇرنال سېتىۋېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا كىرگىنىمدە، ژۇرنال ساتقۇچى خەنزۇ ئايال: «بۇنى ئېلىڭ، ئۇيغۇرلار بۇ ژۇرنالنى كۆپ سېتىۋالىدۇ» دەپ، ئالدىمغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى تاشلاپ بېرىدۇ. قارىغاندا، بۇ ژۇرنالنىڭ ئېسىللىقىنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەرمۇ بىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

▲ «تەپەككۇر مېۋىلىرى»نى يازىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، دەپ ھەرگىز ھەيران بولماڭ. «شېئىر مىللىتى»دىن «پەلسەپە مىللىتى»گە يۈرۈش قىلىش بىر ياخشى باشلىنىش. چۈنكى قورۇق، ھېسسىياتسىز، لاۋزا شېئىرلاردىن ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان پارچە-پۇرات يازمىلار مىڭ مەرتە ئەۋزەل ئەمەسمۇ.

▲ ھۆكۈمەت سېرىق مەزمۇندىكى نەشر بۇيۇملىرىنى چەكلەپ، زەربە بېرىپ، يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغانلار توپلاشقان «پاھىشىخانا»لار نامىنى ئۆزگەرتىپ «كۆڭۈل ئېچىش ئورنى»، «پۇت يۇيۇش شەھىرى»، «باش يۇيۇش قەلئەسى»... دېگەندەك ۋۇنۇسكىلارنى ئېسىپ تىجارەت باشلىسا گۇۋاھنامە بېجىرىپ بېرىلىپ، بۇنداق سورۇنلار قانۇنلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

▲ كوندە دېگۈدەك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا: «دۆلىتىمىزدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار كۆپىيىپ كەتتى، ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، بۇ خىزمەتنى مۇنداق چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك» دەپ ۋايىساشنىڭ ئورنىغا، ئالدى بىلەن بۇ كېسەلنى ۋاستىلىق يۇقتۇرۇۋاتقان - ھەممە يەرگە ئىتنىڭ قۇرتىدەك يامراپ كەتكەن رەزگى چىراي، نومۇسسىز تەن ساتقۇچىلارغا، مۇشۇ تىجارەت بىلەن بېيىپ، تولۇمدەك سەمرىگەن غورۇسسىز، مەسئۇلىيەتسىز، سولامچى خوجايىنلارغا قاتتىق زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

▲ «ياۋا ئوت-چۆپنى يوقىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرىمىز، چاشقانلارنى يوقىتىپ ئاشلىقنى تېجەيمىز» دەپ كەلسە-كەلمەس دورا ئىشلىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانمۇ بولدۇق. ئەمما تۈرلۈك پايدىلىق قۇشلار ئازىيىپ كەتتى، مۇشۇكلەر ئۆلۈپ تۈگىدى، ئېنىمىز ھەرخىل كېسەلگە دۇچار بولدى.

ئەمدى تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇلمەي بېرىلىۋاتقان دورا ئېلانلىرىدىن كېسىلىمىزگە شىپا ئىزدەيدىغان، باللىرىمىز بىلەن بىللە «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پروگراممىسىدىن زوق ئېلىپ كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىغان بولدۇق.

- بەختىيار ھاكىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازىرى مالىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ يېزا-كەنت باشلىقلىرىنىڭ سەمرىپ قورساق سالغىنى، دېھقانلارنىڭ ئورۇقلاپ نامراتلىشىشىدۇر.

- مۇختار ھاپىز

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲ باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن قورقمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۆزۈمگە مەنسۇپمەن.

▲ ساڭا ئاسانلا قايىل بولىدىغان ئۇ دوستۇڭغا ئىشىنىش خاتادۇركى، ئۇ سىنىڭ دۈشمىنىڭگىمۇ ئەنە شۇنداق ئاسان قايىل بولىدۇ. دۈشمىنىڭ ئۇنى ئەنە شۇنداق ئاسان قايىل قىلىپ ئەل قىلىدۇ.

▲ تىلىنىڭ ئۇستىلىقىغا ئالدانساڭ شەيتاننى پەرىشتە دەپ تونۇيسەن.

▲ ئاجىزلارنىڭ ياخشىلىقتا يېتىشتە كۆچى يەتمىسە ئىشلىتىدىغان قىممەتلىك قورالى - يامانلىقتۇر.

▲ ئىنساننىڭ باشقىلاردىن ئەڭ ئاسان

يۇقتۇرۇۋالىدىغان نەرسىسى يامانلىقتۇر .

▲ ئەگەر ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاشكارا خاراكتېر مەلۇم دەرىجىدە يوشۇرۇلسا ،ئۇ تولىمۇ سىرلىق ، سۆيۈملۈك ،دۈشمەن كۆزىگە ھەيۋەتلىك ،دوست كۆزىگە ئاجايىپ جەزبىدار كۆرۈنىدۇ . ئەگەر ئادەم تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن خاراكتېر ئاشكارا قىلىنىپ قالسا ،دۈشمەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيدۇ ، قورقمايدۇ ،دوست ئۇنىڭدىن زېرىكىدۇ .شۇنداقلا بارلىق گۈزەللىكتىن مەھرۇم قالىدۇ .

▲ غەپلەتتىكى خاتىرجەملىككە ئالدانما .

▲ ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ يوقىشى بىزنى توختىتىپ قويىدۇ .ئۇنىڭ زىيادە كۆپلۈكى بىزنى بىھۇدە يوللاردا ماڭدۇرىدۇ .ئۇنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى بىزنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ .

▲ زىددىيەت ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى ، ئەمەلىي جەھەتتىكى زىددىيەتنى تىل جەھەتتىكى زىددىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

▲ ئەسلىدە ئىشنىڭ ئاسان ياكى قىيىنى بولمايدۇ ،پەقەت ئىرادىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈكلىكى بولىدۇ .

▲ بىر كىشى مەندىن سورىدى :«بىلىممۇ كونىرامدۇ ؟ »

مەن دېدىم :«ھەئە ،ئىشلەتمەسلىك بىلەن» .

▲ سۆزنى ئاڭلايدىغانلارغا كۆپ سۆزلەش ، سۆزنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ، ئاڭلىمايدىغانلارغا كۆپ سۆزلەش ئىززىتىڭنى چۈشۈرۈپ سېنى خار قىلىدۇ .

*ئەپسۇس ، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيەلىرگە ئىسىم-فامىلىسى ، ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتىغان . بۇنىڭدىن كېيىن ئەسەر ئەۋەتكەندە دىققەت قىلىشىنى سورايمىز . - باش مۇھەررىردىن

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «دېھقان نېمە دەيدۇ ؟ »سەھىپىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ،دېھقانلىرىمىزنى ئۇسسۇزلۇقتىن چاك-چاك يېرىلغان ئېتىزلىرىغا دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇردەك خۇشال قىلىۋەتتى .

▲ ئىسمىم رادىئو .ئەسلى ۋەزىپەم دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرى ،ئاخبارات - خەۋەرلەر ۋە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغۇچى ناخشا-كۈيلەرنى ئاڭلىتىش ئىدى .ھازىر ئايىغى چىقماس ئېلانلارنىڭ قۇربانى بوپقالغاچقا ،ئۈستۈمنى توپا بېسىپ تاشلاندۇق نەرسىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم .

▲ ھەرقانچە نامرات بولساممۇ 50پۇڭ خەجلەپ يېزىمىزدىكى كىچىك كىتابخانىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئىجارە ئېلىپ ئوقۇيالىغىنىمدىن ئۆزۈمنى روھىي جەھەتتىن ھەقىقىي باي ھېساپلايمەن .

▲ بىرەر يازمىمىز مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ قالسا ،ئىچىمىزگە پاتماي تەخەللۇس ئىزدىگىچە ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدىكى پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقار مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىنى ئويلىساق شۇ يېتەرلىك .

**- زۇلفىيە زاھىر**

ئاپتور :كورلا شەھەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش-رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ مالىيە خادىمى

## ھايات ھاسلاتلىرى

▲ بەخت ئىچىدە تۇرۇپ بەختىنى ھېس قىلالماسلىق بەختسىزلىكتۇر .

▲ توختىماي ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشىش كويىدا يۈرەتتىم .ئەمما ئەڭ ياخشىسى ئاللىبۇرۇن قولدىن كېتىپ بولغانىكەن .

▲ بايلىقنىڭ ئىنسانلارغا تەقسىملىنىپ بېرىلىشى ئوخشاش بولمىغان .سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇرۇق قول گادايلىقىڭدىن ھەسرەتلەنمە .سېنىڭ ھەممىكە تەل بەش ئەزايىڭ بىلەن ئەقلى-ھوشۇڭ ھاياتلىقتىكى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ زور بايلىقىڭ . ئەگەر ئىشەنمىسەڭ ،بىر جۈپ كۆزۈڭنى كاللەك ئالتۇنغا ياكى بىر جۈپ پۇتۇڭنى ئۆزۈڭدەك ئالتۇنغا تېگىشىپ باققىن .

▲ كىشىلەر ھەمىشە خاتا ھالدا ۋاقىت بىلەن ئالتۇن ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسىنى قويۇپ قويىدۇ. ئەمما بىز ئالتۇن بىساتلىرىمىزنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بىر جايغا يىغىپ قالالىغىنىمىز بىلەن ۋاقتىمىزنى بىر ئۆمۈر تىرىشىپمۇ يىغىپ قالالمايمىز ،ئەكسىچە خورىتىپ تۈگىتىمىز .شۇڭا بۇنداق تەڭلىك ئەڭ زور ئادالەتسىزلىكتۇر .

▲ پۇرسەت ھەرقانداق جايدا مەۋجۇد ،گەپ ، ئادەمنىڭ ئۇنى تونۇپ يەتكەن-يەتمىگەنلىكىدە .

**- ئەنۋەر تاھىر**

ئاپتور :قەشقەر شەھىرى ئۆي-مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ ئارتۇقچە دەتالاش قىلىش - ۋاقىتنى چالا بوغۇزلىغانلىقتۇر .

▲ غەم-قايغۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈك .

**- مېھرىگۈل ئابلىمىت**

ئاپتور : قەشقەر شەھەر 4-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان شەكلەن ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت .

**- ئىبراھىم مامۇت**

ئاپتور :كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ خورلۇققا قالغان ۋاقىتنى ئۇنۇت .لېكىن شۇ خورلۇق قالدۇرغان ئاچچىق ساۋاقنى ئەستىن چىقارما .

▲ يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئېلىپ يىتكەن قىممەتلىك نەرسەمنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدۇم .ئوقۇپ چىقىپ ھاياجانلانغانلىقتىنمۇ ياكى ۋۇجۇدۇمدىكى ھەققانىي - پاك تۇيغۇلارنىڭ ئويغانغانلىقىدىنمۇ ، تۈن نىسپىدىن ئاشقىچە ئۇخلىيالمىدىم .مەن مېنى ئويغاتقان ھەم قايتا ئويلاندۇرغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن .

**- نۇرگۈل ئەركىن**

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش -قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 5-دىۋىزىيە86-پولك «يېڭى ئەسىر» باللار باغچىسىنىڭ تەربىيىچىسى

▲ ئەقىلنى سېتىپ پۇل تېپىش ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئىشىدۇر .

ئېيپەت -نومۇسىنى سېتىپ پۇل تېپىش ئادىمى هايۋاننىڭ ئىشىدۇر .

▲ ئىسراپخورنىڭ كىرىمى بولماس ، ئېرىنچەكنىڭ بىلىمى .

▲ سۆيمىگەن ئادەمنى سۆيدۇرۇش تەس بولغاندەك ،سۆيگەن ئادەمنى ئۇنتۇش ئۇنىڭدىنمۇ تەس .

- جاھانباي ماشەك

ئاپتور :قىرغىز ،ئاقچى ناھىيە ئاقتالا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## قىسقا خىياللار

### شىر ۋە توشقان

▲ شىر ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئىنسانلار ئۇنى قەپەسكە سولاپ قويىدۇ .توشقان ئاجىز بولغاچقا ،كۆز ئالدىمىزدا يۈگرۈپ ،شاد-خۇرام ئوينايدۇ .

### تراگېدىيە

▲ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تراگېدىيە مەنبەسى - سەپسەتىنىڭ خوجايىن ،ھەقىقەتنىڭ قۇل بولۇشى .

### كېڭىيىش ۋە تارىيىش

▲ بىلىم ئۆگەنگەنسىرى كېڭىيىدۇ ،يول ماڭغانسىرى تارىيىدۇ .

### رول

▲ موقوق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ رولى يوق .

### ئىنتىلىش

▲ مەنسەپدارلاردىن قورقۇپ ،بىلىگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ كېتىدىغانلار مەنسەپكە ئىنتىلىدۇ . بايلارغا خۇشامەت قىلىدىغانلار پۇلغا ئىنتىلىدۇ .ئەرلەردىن قورقىدىغان ئاياللار يەنە ئەرلەرگە ئىنتىلىدۇ .ئەجەب ئىش !

تۇرامەت ياقۇپ

ئاپتور :قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازار قارباغ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ جەمئىيەتتە ئىككى خىل كىشىلەر ئەڭ كۆپ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ .بىر خىلى ئەقىللىق ، ھەق-ناھەق كۆز قارىشى ئېنىق بولغان كىشىلەر ،يەنە بىر خىلى نادان ،بىلىمسىز ،ھەق-ناھەقنى پەرق ئەتمەيدىغان كىشىلەر .

- ئابلەت ئابلىمىت

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئائىلە خۇددى بىر هارۋا ،ئانا بولسا ئىككى چاقى ، ئاتا بولسا ئۆكۈز .پەرزەنتلەر هارۋىدا ئۆكۈزنىڭ پۇشۇلدىشىغا ،چاقنىڭ غىچىرلىشىغا مەست بولۇپ ماڭىدۇ .

▲ قەلبىمىزدىكى ئىمان نۇرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى مەسچىتلەرنى ھەشەمەتلىك سېلىش بىلەن يېپىۋاتىمىز .

- قاۋۇلجان مۇھەممەت (يۈزىسىز )

ئاپتور : قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى سۇ باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ سەن يا سىياسەتنىڭ ، يامەنپەئەتنىڭ ، يا ئۆزۈڭنىڭ قۇلى بولۇشۇڭ مۇمكىن .

- مامۇتجان نۇرمۇھەممەت

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە ئاقچاش يېزا پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

▲ دۇنيادا ئادەمنى ھەممىدىن بەك چارچىتىدىغىنى :ئەھمىيەتسىز خىيال ۋە ئۇنۇمسىز ئىش .

- ئايگۈل ئاۋۇت

ئاپتور : ئاقسۇ شەھەر قاراتال بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ تېخىنىكىسى ئەڭ ئىلغار بومبىنىڭ پارتلىشى مەلۇم دائىرىدىكى زېمىننى تىترەتسە ،روھىي ئويغىنىشتىن پارتلىغان قەلب ۋولقانلىرى پۈتكۈل يەرشارىنى تىترىتىدۇ . . . !

- ئابدۇسەمەت ئابلىز

ئاپتور : باي ناھىيە توقسۇن يېزا يۇقىرى توقسۇن كەنتىدە ، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ بىر بالا چوقۇم ئانىلىق مېھرىگە قانمىسا ئۇ ئىسيانكار بولىدۇ .

▲ ھېكمەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى ،ئۇنى بىلەت تاشلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ .

▲ ئادەمدە روھ بىلەن ئېتىقاد ئۆلسە ، ئۇ ئادەمدىكى مۇھەببەت جىنسىيەتكە قاراپ يىلتىز تارتىدۇ .

▲ مەنىۋى ئاجىزلىق بارلىق مۇتەررزلىكنىڭ ئانىسى .

▲ كۆزگە ئىلماسلىقنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى جىم تۇرۇۋېلىش .

▲ مۇھەببەت مەڭگۈ سوتلىغىلى بولمايدىغان قانۇننىڭ سىرتىدىكى قانۇن .

▲ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ قورالى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن مۇناپىقلىق .

▲ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى سۈكۈت ئىچىدە بىر-بىرىگە تىنىمسىز تەلپۈنۈشتە .

▲ بىز جىق ئىشلارنى چۈشەنمەسلىكتىن بولغان دەپ يۈرۈمىز ، ئەمەلىيەتتە جىق ئىشلار بەك چۈشىنىپ كەتكەنلىكتىن بولغان .

▲ پۇشايمانلىق ھېسسىياتى ئادەمدىن باشقا ھېچنېمىگە بېرىلمىگەن نېمەت .

▲ مەن چىشى بار مەخلۇقلارنىڭلا گۆش يېگىنىنى كۆرگەن .ئەمما ھازىر پۇلدىن ئىبارەت بۇ قەغەزنىڭمۇ ئادەم گۆشنى يېگىنىنى كۆرۈۋاتىمەن .

▲ ئۆزى ھەققىدە ئويلانمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ئۆتمۈشىنى تەكرارلايدۇ ، خالاس !

▲ غەيۋەت ئادەمگە نىجاسەت يېگۈزۈدىغان قازان !

- نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

ئاپتور : يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا

مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## «يېزىلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى»دىن تۇغۇلغان خىياللار

1. «نىكاھ قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن بىر پەرزەنتنى ئارتۇق تۇغۇپ قويغىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، كۆپ خوتۇنلۇق بولغىنى دېھقان ئەمەس.

2. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن يەردىكى ئوت-چۆپتە چارۋا باققىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، سارايى سالغىنى دېھقان ئەمەس.

3. «سۇ قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن قۇدۇق كولىغىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، بورۋاي كولىغىنى دېھقان ئەمەس.

4. «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن مورىسىدىن ئىس چىقارغىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، تۈرخۇنىدىن بۇلغانغان قويۇپ بەرگىنى دېھقان ئەمەس.

5. «ئورمان باشقۇرۇش قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن ئېشەك هارۋىسىدا شاخ-شۇمبا توشۇغىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، يۈك ماشىنىسىدا ياغاچ توشۇغىنى دېھقان ئەمەس.

6. «باج قانۇنى» يېزىلاردا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، لېكىن ئىككى يۈەن باج تاپشۇرمىغىنى دېھقان بولغىنى بىلەن، ئىككى مىليون يۈەننى يوتتۇرۇۋەتكىنى دېھقان ئەمەس.

— ئىمىنجان توختى

ئاپتور: يۇگۇر ناھىيە چۆمباغ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ نەپس بۇيۇمىنىڭ قىممىتى قاتمۇقات ئورالغانسىرى شۇنچە ئاشىدۇكى، ئەگەر ئۇچۇق تۇرسا بارا-بارا قىممىتى تۆۋەنلەيدۇ. قىز-ئاياللارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش.

▲ بىزدىكى نۇرغۇن «مۇسۇلمانلار» چوشقىنى هارام دەپ سەسكەنگىنى بىلەن، چوشقىمۇ سەسكىنىدىغان هاراقنىڭ هاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىشىدۇ.

▲ بىزدىكى ماڭقۇرتلاشقان يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بەلكىم بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن كۆپلىگەن ئاتا-ئانىنىڭ «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» دېگەن «ئاقىلانە» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

▲ قانۇن سىياسەتنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان جەمئىيەتتە، سەپسەتە ھەقىقەتنىڭ كۆتىگە تېپىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى يوقاتقان كىشىلا مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

▲ ھەقىقەتكە تەلپۈنگەن يۈرەكنىڭ ئىگىسىلا ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالايدۇ.

— ئەركىن توختى

ئاپتور: ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدا تەجرىبە يېتەكچىسى

## تەپەككۇر ئىزىدىن تامچە

▲ ئەرنىڭ بۇزۇلۇشى ئائىلە ئۈچۈن ئاپەت، ئايالنىڭ بۇزۇلۇشى مىللەت ئۈچۈن (ئاپەت).

▲ ھەممىلا نەرسىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق، ھەممىلا نەرسىنى پېشانىدىن كۆرۈش ئۆزىگە (روھىغا) ئاسىيلىق قىلغانلىق.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىمەن دېسەڭ، سىياسەت بىلەن قانۇننىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنىغا قارا. ئەگەر سىياسەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان بولسا دۆلەت ئاجىز، چىرىكلەشكەن، جان قايغۇسىدا خەلقنى ئۆزىگە قۇربان قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر قانۇن ئۈستۈن ئورۇنغا چىققان بولسا دۆلەت كۈچلۈك، ئۇل مۇستەھكەم، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتقان بولىدۇ.

— تۇرسۇنجان خەيرۇللا جەۋلانىي

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

* * *

▲ ياشانغانلار كۈچتىن قالغىنى بىلەن ئەقىل-پاراسەتتە يەنىلا بىز ياشلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسە — ئاتا-ئانا مېھرى.

▲ رەزىللىك — ئېتىقادسىزلىق ۋە ياراتقۇچىدىن قورقماسلىقتىن كېلىدۇ.

▲ بېرىلىپ بولغان ئېلانلارنىڭ نۇرغۇن قېتىم ھەم ئۇزاق مەزگىل تەكرارلىنىۋاتقانلىقى — شۇ شىركەت مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى كاساتلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

— ئايشەمگۈل ھەبىبۇللا

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 46-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر گۈزەللىك تونۇشتۇرۇش خېتى بولسا، ئاق كۆڭۈللۈك ئىشەنچ كارتىسى.

— توختى ھاجى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر بىز ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، ئەڭ ئاددىي ۋە گۈزەل ئىلاھنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ مۇۋاپىق بىلىم، تىرىشچانلىق، ئۇسۇل ۋە جاسارەت بولسىلا ھەممىگە ئېرىشەلەيدىغان ۋە ھەممىنى يارىتالايدىغان ئادەمدۇر.

— ئابدۇمەجىد نىجاتكار

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئادالەت ئىشىكىنى ئاچالمىغانلار ھامان قىساس ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

▲ ئېغىزدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەنمىز، ئىچىمىزگە يۇتىمىز — چۈنكى ئۇ زەھەر بولسىمۇ.

— ئا. بۇغرا ياسىرىمى

ئاپتور: باي ناھىيە كۈتۈپخانىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ مۇھەببەتنى باشقىلارنى باش ئەگدۈرۈش

قورالى ۋە ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرگەنلەر ،بىر كۈنى ئاشۇ قورال ئالدىدا باش ئېگىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپقېلىشى بىز زارلاۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئادىللىقى بولۇشى مۇمكىن .

▲ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئېگىلمىگەن باش مۇھەببەت ئالدىدا ئېگىلىشى ۋە قىلىچ ئالدىدا تۆكۈلمىگەن ياش مۇھەببەت ئالدىدا تۆكۈلۈشى مۇمكىن .

**ـ نىياز (مەپتۇن)**

---

ئاپتور : باي ناھىيە قىبىر يېزا «مەلىيا»چاچ ياساش ۋە فوتوسۈرەتچىلىك ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدا شىنجاڭنىڭ جىبرانلىرى تېخىمۇ كۆپەيسۇن .

**ـ مەتتىمىن ئابدۇرېھىم**

---

ئاپتور :مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزا قۇمبوغۇز باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ رېستوران ـ ئىنسان روھىنىڭ قاتىلى .

▲ بۇ دۇنيادا مۇھەببەت-نەپرەتى ئېنىق ، ئىمانى ئەركەك ،ئېتىقادى چىڭ ،سەممىي كىشىلەرلا مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆلمىغا تاش قويغۇچىلاردۇر .

**ئابلىمىت ئىبراھىم**

---

ئاپتور :يېڭىشەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئاشپىزى

## ئاچچىق ھېسلار

▲ مەن ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى ،ھەقىقەت چەتكە قېقىلغاندا ،ئۆز رولىنى يوقاتقاندا ھەقىقىي ھېس قىلدىم .

▲ ئېتىقاد نېمە؟

ھەقىقەتنى ھەقىقىي مەنگە ئىگە قىلىدىغان غالىبلارنىڭ قىلىچى .

▲ غالىبلار ھۆركىرەيدۇ :

ـ دۇنيا مېنىڭ !

ئاجىزلار ئېڭرايدۇ :

ـ ئاھ ، شۇ مەئىشەتلىك دۇنيادا بىرنان تاپماق نېمانچە تەس . . .

▲ قەيسەرلىك ،ئۆملۈك ،ئىشچانلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يەشمەكچى بولساڭ چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەت .بەلكىم ئۇ ساڭا ھاياتلىقتىن دەرس بېرىشى مۇمكىن .

**ـ ئەسقەر ئىدرىس**

---

ئاپتور :جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى توپا جىخ چېگرا مۇداپىئەتەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ساددىلىق جىنايەت ئەمەس ،لېكىن ئۇ ساختىپەزلەر ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى چىرايى ئارقىلىقلا ئۆلچەنگەن بولسا ،سەت ئاياللارنىڭ ھەممىسى تول قالغان بولاتتى .

▲ ئورۇنسىز ئۆلۈم ـ ھاياتقا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت .

▲ ھوقۇقۇڭنى تارتقۇزۇپ قويساڭ خورلۇقنىڭ

نېمىلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسەن .

▲ تەڭرى شەيتاننى ياراتمىغان بولسا جەننەت بىلەن دوزاخنىمۇ ياراتمىغان بولاتتى .

**ـ ئەھەت مامۇت**

---

ئاپتور :كۇچا ناھىيە چىمەن بازار داھوز كەنتىدە ،دېھقان

## تەرتىمنى بۇزغان ھېسلار

▲ قانۇن «لاتا»بولسا پۇقرانى خۇدا ئۇرىدۇ .

▲ قانۇن ـ تۈزۈملىرى تەل تۇرۇپمۇ يەنە خەلق مەنپەئىتىنى قوغدىيالماسلىق ،بۇ خۇددى خوتۇنىنى ئېلىپ قويۇپ ئۇنى باشقۇرالمىغان بىلەن باراۋەردۇر .

▲ كىشىلەر بىلسە ، قانۇننى خۇددى ئانىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ، خوتۇن-بالىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشى كېرەك ئىدى . . .

**ـ تۇرسۇن تۇردى**

---

ئاپتور : قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى ئاھالىلەر كومىتېتىدا

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»دەۋرىمىزدىكى ئېتىقادسىزلارغا چىلىنىۋاتقان ھالاكەت سىگنالى .

▲ ھازىرقى دۇنيا سىياسىيسى ـ ئېتىقادسىزلارنىڭ ئۆلۈم خېتى .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ـ ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەينىكى .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ـ ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ كەلگۈسى پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى ئالدىن كۆزىتىدىغان تېلېسكوپى ، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ قەۋمىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنىڭ ھاسىلاتىنى ئاۋامغا يەتكۈزىدىغان ئەلچىسى .

**ـ مۇھەممەتجان غوجىۋىل**

---

ئاپتور : گۇما ناھىيە موكۇيلا يېزا ھويلا مەھەللە كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ سوقرات :«تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ»دېگەن .مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن ئۇچراشمىغان چاغدىكى جىسمىمنى «پانىيدىكى مۇردا»دەپ ئاتىدىم .

**ئاسىيەم نۇرمۇھەممەت**

---

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى 2002-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ شەھەر مەدەنىيەتنىڭ شەكلىگە ۋەكىللىك قىلسا ،سەھرا مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

▲ جامائەت توپلاشقان يەردىن قاچقان كىشى ، بىر بولسا نەپرەتلەنگۈچى ، بىر بولسا نەپرەتكە ئۇچرىغۇچى .

**ـ ئالىمجان نەسرىددىن (جۇدۇنىي)**

---

ئاپتور :قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ماھىر تىل سەنئىتى ۋە مەردانە ئۇيغۇر

تەپەككۇرنى پەقەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىنلا كۆپرەك ھېس قىلالايمىز.

▲ دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىشى ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى بىر بولسا بىلىملىكنىڭ، بىر بولسا بىلىمسىزنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت دېھقانلاردىن ئايرىلىپ قالسا، شۇ ھاكىمىيەت بۇرۇن زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

▲ ئىككى دوستنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇلار ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقاندا بىل.

▲ دوستۇڭنىڭ سېنى سىناۋاتقانلىقى ــ دەل ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىدۇر.

▲ سەن ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرغىچە قۇربان بېرەلەيدىغىنى ــ پەقەتلا ئاناڭ.

▲ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەتبۇئاتى خۇنۇك ۋە ئاۋارە بولسا، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى ــ روھىنى ئاۋۋال قۇم باسىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇشى ــ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتقىلى بولىدىغانلىقىدىندۇر.

▲ سېنى ئەڭ خۇشھال قىلالايدىغىنىمۇ، ئەڭ يېرىم قىلالايدىغىنىمۇ يەنىلا ئەڭ يېقىن دوستۇڭدۇر.

▲ دوستۇڭنى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەمەس، كۈن چۈشۈشتىن بۇرۇن سىنا.

▲ ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە ئاۋۋال قول قويىدۇ، ئاندىن باش قويىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ ساڭا قارىتا بىپەرۋالىقى، بىر بولسا ئۇنىڭ سېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدىندۇر، بىر بولسا سېنىڭ ئۇنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىڭدىندۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى تەپەككۇرى ئويغاقلارنىڭ سەھنىسى.

ــ قۇربانجان مەتتىمىن

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا چوڭكۆل كەنتىدە، ھازىر ناھىيە بازىرىدا ساتىراش

▲ ئالىيجانابلىق كىشىلەرنى ئۇن-تىنسىز تەربىيىلەيدۇ.

ــ ئايشەمگۈل تۇردى (جەزبىدار)

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچئۆستەڭ يېزىسىدا

## ھەسرەتتىن تەرمىلەر

▲ تارىختىن مەلۇمكى، يۈرىكىدە ئەلنىڭ نىداسى بار ئادەمنىڭ قولىقىدا كىشەن سادىسىمۇ بار.

▲ ئىنساننىڭ قانائەتسىزلىكىگە بېرىلگەن تۇنجى جازا بوۋاق سۈت چىقمىغان ئانىنىڭ كۆكسىنى چىشلىگەندە تەگكەن كاچاتتىن باشلىنىدۇ.

▲ بەزى دېھقان ۋە مەدىكارلارنىڭ ھەقىقەت سادالىرى ياڭراپ تۇرغان مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرى زىيالىي قالپىقىنى كىيىۋالغان كىتاب ئارتىلغان ئېشەكلەرگە ئۇرۇلغان كاچات.

ــ تۇرانىسا قۇدرەت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېگىز يار كەنتىدە، دېھقان

## ھايات مۇنداق دىيدۇ

▲ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن ئادەم مۇقەررەركى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

▲ ئادەم بەزى چاغلاردا بىزار بولغان نەرسىلەرگە بەزى چاغلاردا موھتاج بولىدۇ.

▲ پەقەت دوستىدىنلا مەدەت تىلىمەي دۈشمىنىگە قاراپ ئالغا باسالىغان ئادەملا ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

▲ «بۈگۈن»، ھاياتنى قەدىرلەپ بۈگۈننىڭ قولىدىن غەلىبە مېۋىسىنى يۇلۇپ ئالالىغان ئادەملەرگىلا مەنسۇپ.

▲ ئىشەنچىنى يوقاتقان قەلب سولىشىپ قالغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلىققا ئۇچرىغىنىڭدا ساڭا ياردەم قولىنى سۇنۇپ تەسەللىي بەرگەن ئادەملا ھەقىقىي دوستۇڭ بولۇشقا لايىق كىشىلەردۇر.

▲ بىر دەۋرنىڭ قەھرىمانى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەنە بىر دەۋردە مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ لەنەتگەردىسى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

▲ ئەرلەر غۇرۇرىنى يوقاتقان ئەلدە قىزلار ئىشتانىبېغىنى يوقىتىدۇ.

ــ نۇرجامال قۇدرەت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېگىز يار كەنتىدە، دېھقان

## تەسرات چېقىنلىرى

▲ بۇرۇن بوۋىلار مەكتەپ يوق ساۋاتسىز قاپتىمەن، مەن بولسام مەكتەپ بار، پۇل يوق ساۋاتسىز قالدىم.

▲ بۇرۇن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا قورسىقىدىكى بىلىمگە قارايدىكەنمىش، ھازىر بولسا قولىدىكى سومكىغا قارايدىغان بوپكەتتى.

▲ بۇرۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىكەنمىش، ئەمدىكى ئاتا-ئانىلار بالىلارغا غەيۋەت قىلىپ بېرىپ ئۇلارنى غەيۋەتخور قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە.

▲ بۇرۇن قېتىقلىپ-سوقۇلۇپ چوڭ بولغان ئوغۇللار پالۋان بولۇپ چىققانىدى. ھازىر راھەت ئىچىدىكى ئوغۇللار جۈرئەتسىز بولۇپ چىقتى.

ــ زۇلفىيە قۇدرەت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قىزلارغا سۆز

▲ ئايالنىڭ بەختى ۋاپادىن كېلىدۇ، قىزنىڭ بەختى ھايادىن.

▲ قىز كۆلكىسى جەننەت، يىغىسى ھەسرەت.

▲ ئىلگىرى قىزلار مۇھەببەت ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلاتتى، ھازىر مۇھەببەت ئۈچۈن ئىپپىتىنى قۇربان قىلىدىغان بولدى.

ــ ئابدۇسالام ھوشۇر

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ بىراۋنىڭ كەمستىكىنى سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ، بىراۋنىڭ ماختىغىنى سېنىڭ كۆچلۈكلىكىڭ، بىراق كەمستكەنلەر سېنىڭ غەلبە قىلىش نىشانىڭ، ماختىغانلار گۆر كارىڭ.

▲ تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىڭنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇراجىئەت قىل.

▲ تەپەككۇر يېتىلدۈرەلمىگەن مائارىپ مېيى تۈگەپ كەتكەن چىراغقا ئوخشايدۇ. بۇنداق مائارىپتىن ساختا مەھسۇلات، ئەخلەت ئادەملەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىدۇ، نەتىجىدە جەمئىيەتنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

▲ باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساختىلىشىشى خەلقنىڭ ساختىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خەلقنىڭ ساختىلىشىشى جەمئىيەتنىڭ ساختىلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ساختىلىشىشى گۇمرانلىقتىن بىشارەت.

▲ جاھان تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلار تاشقى پلانىتقا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ بىراق ھاياتلىق قانۇنىيىتى ئۆزگەرمىدى. شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكمەتلەرنىڭ قىممىتى مەڭگۇ يوقالمايدۇ.

**- تاھىرجان تاۋار**

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە كادىرلار، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ تۈنۈگۈن ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەننى بۈگۈن قارغاپ لەنەت ئوقىدۇق، بۈگۈن ماختاپ ئۆرنەك قىلغاننى ئەتە قانداق بىر تەرەپ قىلارمىزكىن؟

▲ ئاياغ يېڭىلاندى ئەمما يول بۇزۇلدى؛ ئاڭ يېڭىلاندى، ئەمما ئاڭسىزلىق كۆپەيدى.

▲ رىقابەتنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلگۈم كېلىۋاتىدۇ: بىرى، بىلىم-ئىقتىدار رىقابىتى، يەنە بىرى، خۇشامەت، سوۋغا-سالام رىقابىتى. بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرى بۇ ئىككىسىنى ئوخشاشلا چەتكە قاقمىدى.

▲ سۈنئىي ھېجىيىشلاردىن كۆرۈنگەن ئالتۇن چىشلارنى نادانلىقنىڭ سېرىق داغلىرىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

### ئەبجەش خىياللار

▲ بۇلۇتلارغا تاقاشقان قوچاق يەتكۈسىز مەزمۇت دەرەخلىرىمىزنى كېسىپ ئورنىغا قەۋەت-قەۋەت «تاش ئورمان»لارنى بىنا قىلدۇق، ئىنجىمارۇق «مەنزىرە دەرەخلىرى»نى ئۆستۈرۈپ بولالماي ئاۋارىمىز.

سىختى دەريالاردىكى بېلىقلارنى ئاچ ئەرۋاھلاردەك يەپ تۈگەتتۇق، قىرغاقلارغا بېلىق ھەيكىلى تىكلەش بىلەن ئاۋارىمىز.

بۇغا-مارال، رەڭدار كېپىنەك، ناۋاكەش قۇشلارنى چۆل جەزىرىلەرگە پالىۋەتتۇق، تام-تورۇسلارغا ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش بىلەن ئاۋارىمىز...

## كۆلكە تەبەسسۇملىرى

ئەڭ خەتەرلىك كۆلكە - مەغرۇرلۇق كۆلكىسى.

ئەڭ ئېتىبارسىز كۆلكە - خۇشامەت كۆلكىسى.

ئەڭ بىچارە كۆلكە - مەغلۇبىيەت كۆلكىسى.

ئەڭ يېقىمسىز كۆلكە - ھەسەت كۆلكىسى.

ئەڭ قىيىن كۆلكە - نادامەت كۆلكىسى.

ئەڭ تاتلىق كۆلكە - غەلبە كۆلكىسى.

ئەڭ ئۇزۇن كۆلكە - ئالتۇن چىشلىقلار كۆلكىسى.

ئەڭ قالاق كۆلكە - بىچارىلەرنىڭ بىچارىلەرنى مەسخىرە قىلىش كۆلكىسى.

**- مىرئەخمەت ئابلەت**

ئاپتور: كورلا شەھەر 8-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئەنسىزچىلىك - خاتىرجەم بولمايۋاتقان روھىي كېسەل.

**- ھەسەنجان مەھمۇت**

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 99-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ سەن بەندىنىڭ بەندىسى بوپقېلىشتىن ھەزەر ئەيلە.

▲ تەبىئىتى ئەركىن كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلىشقا قەدەم قويغاندا يېرىم غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

▲ جەمئىيەت جۇرئەتسىزلەرگە نىسبەتەن دوزاخ، جۇرئەتلىكلەرگە نىسبەتەن غەلبە سورۇنى.

**- تۇرسۇنجان ھۈسەيىن ئەلتېكىن**

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كۆمۈرخاڭ جاپاكەشلەرنىڭ تەييار گۆرى، لېكىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھارارىتى ۋە نۇرى.

**- ناسىرجان ئەبەيدۇللا**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە كوسراپ يېزىسىدا، ئىشتىن قالغان ئىشچى

▲ سەن تاماكىنى قانچىلىك كۆچ بىلەن شورىساڭ، تاماكىمۇ شۇنچىلىك كۆچ بىلەن جېنىڭنى شورايدۇ. چۈنكى سەن جىسمىغا قانچىلىك كۆچ ئىشلەتسەڭ، جىسمىمۇ ساڭا شۇنچىلىك ئەكس تەسىر كۆچى بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟...

▲ بىلىملىك ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، بىلىمسىز ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ گۆركارىدۇر.

**- مەمتىمىن ساتتار**

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر دانچىلىرى

▲ پولدار ۋەيران بولغاندا بۇنداق ئىككى ئىشتىن ھەرسىگە پۇشايمان قىلىدۇ: بىرى، يوقسۇللارغا ياكى جەمئىيەتكە ئاز-تولا ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە، يەنە بىرى، تازا بىر كەيپ سۈرۈپ ئەيش-ئىشرەتتە ياشىۋالمىغانلىقىغا.

▲ ئۆز جوراڭنىڭ ئائىلىدىكى ئەيىبىنى سىرتتىكىلەرگە ئەزۋەيلەش، ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرگىنىڭ بىلەن باراۋەر.

▲ يامانلىق قىلىشتىن قورققان ئادەمنىڭ قولىدىن ياخشىلىقمۇ كەلمەيدۇ.

▲ بەزىلەرنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىگە قاراپ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئىكەن دەپ باھا بەرمەڭ. ئۇنىڭ بىردەملىك كۈلكىسى سىزنى بىر ئۆمۈر يىغلىتىشى مۇمكىن.

▲ دېھقان - ئاچ قورساق خىزىر.

▲ دېھقاننىڭ كۆڭلى توق، قورسىقى ئاچ. پارىخورنىڭ قورسىقى توق، كۆزى ئاچ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى كۆرۈشنى خالىساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن كۆرگىن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئىنساننىڭ «ئالا» سىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى بىردىنبىر ئەينەك.

▲ باشقىلار ماڭمىغان يولدا مېڭىش بىر بولسا دانالىق، بىر بولسا ئەخمەقلىق.

▲ دېھقاننىڭ دىلى يۇمشاق، قولى قاتتىق. كادىرنىڭ قولى يۇمشاق، دىلى قاتتىق.

**— تەۋەككۇل توقسۇن**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئاۋات بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئوقۇتقۇچىلار ئىش ھەققى چىقىدىغان كۈننى ساناپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مىللەتنىڭ مائارىپى، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مائارىپتۇر.

**— غەيرەت تۇنىياز يۇلغۇن**

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە جام بازار 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ باشقىلار ئويلىيالمىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمىغان نەرسىلەرنى ئويلىيالىغان، تەسەۋۋۇر قىلالىغان كىشىلەرلا باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ ئاخىرىغا ئاپىرالايدۇ.

▲ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى قورال كۈچى ئارقىلىق پارتلىغان بولسا، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سىياسىي ئاڭ - ئىدىيە كۈچى ۋە قەلەم كۈچى ئارقىلىق پارتلايدىغاندەك تۇرىدۇ.

**— روزىيەم نۇرمۇھەممەت**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا ھاتتا كەنتىدە، دېھقان

## ئەتراپىمىزدىكى ئىشلار

▲ ئەرلىرىمىز كېچە-كۈندۈز قاۋاقتىن، ئاياللىرىمىز بولسا رېستورانلاردا قاتارچايدىن بىكار بولالمايۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ ئاللىقانداق «خانا» لاردا چېكىپ، ئىچىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالماڭ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دېھقانغا

كۈچ-قۇۋۋەت، مائارىپىمىزغا تەپەككۇر بېغىشلىسا، مەدەنىيىتىمىزگە يولباشچى بولۇۋاتىدۇ.

▲ باشقىلارغا قىلچە يول قويماسلىق - يا تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى، يا ھوقۇقنىڭ كۈچى.

**— ئابلىمىت توختى**

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مېنىڭچە، بالىلارغا ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشتىن سىرت يەنە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا» داستانىنىمۇ ئوقۇپ بېرىش زۆرۈر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇدىغان بىر بۇلاق ژۇرنالدۇر.

**— مۇللاتۇردى مۇللائىمىن**

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيىسىدە، ئىشتىن قالغان ئىشچى

▲ بۇرۇن يىگىتلىرىمىزگە چاچنى چىرايلىق ياسىتىپ بادام دوپپا كىيىۋېلىش مەدەنىيەت ھېسابلىناتتى. ئەمدىلىكتە چاچنى ئۇزۇن قويۇش ھەتتا ئۆستۈرۈش مەدەنىيەت ھېسابلىنىۋاتىدۇ. ئەجەبا ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنى شۇنچە ئارزۇ قىلامدىكىنە؟

**— قاھارجان تۇرسۇن**

ئاپتور: خوتۇنسۇمۇل ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەنسەپدارلارغا ھەددىدىن زىيادە يېقىنلاشقۇچىلار كۆندۈرۈلگەن بۆرە ئىتتىنمۇ خەتەرلىك.

▲ ئىنسانلار ئىچىملىك، چېكىملىكلەرگە ئۆزىنى ئېتىپ جۇشقۇن روھىنى زەئىپلەشتۈرسە، «ساتىراشخانا» نامىدىكى پاھىشىخانىلار ئۇلارنىڭ قاۋۇل تېنىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا.

▲ «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دېگەنلىك ئاجىز كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دەسمايىسى.

**— تۇرسۇن قۇربان**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئادەم دۇنيادا ئۈچ نەرسىگە: بىرى ئۆز ئۆمرىگە، بىرى مال-دۇنياسىغا، يەنە بىرى ئايال كىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ.

**— مۇھەممەت تۇرسۇن**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزىسىدا، دېھقان

## ئېغىر تىنىقلار

▲ ئۆتمۈشنى بىلگىنىڭ - بۈگۈننى چۈشەنگىنىڭ. كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغانلىقىڭ - يىتكەن روھىڭنى تاپقانلىقىڭدۇر.

▲ ئۆزىمىزنىڭ ئار-نومۇسى، غۇرۇرى بولغان قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ بۈگۈنىدىن كەلگۈسىمىز ياش تۆكمەكتە.

▲ نادانسەن، ئەمما خۇشامەتچىلىك تەخسىسىنى كۆتۈرگىنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتىنچە دانالار ئۈستىدىن

غالىبسەن .

- تاھىرجان روسۇل

ئاپتور : كۇچا ناھىيە تارىم يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تارىخ ۋە ھەقىقەت

▲ تارىخنى غالىبلار ئۆز ئىرادىسى بويىچە يازىدۇ، ئاجىزلار ئىلاجىسىز ھالدا ئۈن-تىنسىز قوبۇل قىلىدۇ .

▲ بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخى پەقەت شۇ مىللەت ئەدىبلىرى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر ۋە ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىدا يارقىن ئەكس ئېتىدۇ .

▲ بىر ۋاقىتنىڭ يەنە بىر ۋاقىتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تارىخى توغرىسىدىكى يازمىلىرى چوقۇم بىر تەرەپلىمىلىك ۋە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ . بۇ خۇددى بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى شۇ ئائىلە ئەزالىرىغا قارىغاندا باشقىلارنىڭ ئېنىق بىلىشى مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش .

- ئابابەكرى مۇھەممەت

ئاپتور : ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى ئىجتىمائىي كاپالەت باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## ئەقلىيلەر

▲ تەقدىرگە ھەقىقىي شەپقەتسىز بولالىغان كىشىلا تەقدىرنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە .

▲ نادان كىشى ۋەدىگە ئىشىنىدۇ ،
ئەقىلسىز ئەر خوتۇن كىشىنىڭ قەسىمىگە .

▲ ئازابلانغان يۈرەككە ھەممىدىن بەكرەك تەسەللىي بېرىدىغىنى - نارەسىدە بالا .

▲ ناداننى دوست دېگۈچە ، ئۇنى مالاي دېگىن .

▲ ئاقىللارنىڭ بېشىغا غاپىللارنىڭ چىقىشى - سورىقى بولمايدىغان قىيامەت .

▲ سەن تارىخنى ھەرقانچە قوغۇشۇن ھەرپلەر بىلەن يازساڭمۇ ، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ .

- ئەزىز نۇر

ئاپتور : ئاقسۇ ۋىلايەت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ ھەقىقىي دەريا ئېقىنى بىرەر-ئىككى يىللىق قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ . چىن دوستلۇق بىرەر-ئىككى قېتىملىق ئازارلىنىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ .

▲ بەزىلەر ئوغۇلبالىنىڭ ياش تۆكۈشىنى بىچارىلىك دەپ قارايدۇ . مېنىڭچە ، ھەقىقىي بىچارىلىك قانداق ۋاقىتتا ياش تۆكۈشنى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت .

▲ بىز كىتاب ئوقۇشىمىز ، ئوقۇغاندىمۇ قىممىتى بار ، كىشىگە ھەقىقىي بىلىم بېرىدىغان ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشىمىز لازىم . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دەل شۇنداق كىتابتۇر .

▲ پەقەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى دوست تۇتقاندىلا تۇرمۇشقا يېڭى بىر مەزمۇن قوشۇپ ، ھاياتتىن خۇشپۇراق گۈل ئېچىلدۇرغىلى بولىدىكەن .

▲ مەن دۇنياغا شۇنداق جاكارلايمەن : مېنىڭ پەقەت ۋە پەقەتلا بىر سادىق سىرداش دوستۇم بار : ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى .

- ئابدۇجېلىل ئابدۇللا

ئاپتور : شايار ناھىيە تارىم يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەسراتتىن تامچىلار

▲ «جاپا تارتمىساڭ بولمايسەن ئادەم» ئۆزمەنسىنى تاپقان بولسىيدى ، داۋاملىق جاپا تارتىپ كېلىۋاتقان دېھقانلىرىمىز «ئادەم» بولار ئىدى .

▲ ماشىنا قولدا ھەيدىلىدۇ ، ئادەم گەپتە .

▲ ئايال زاتىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەقىقىي بىر ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆلچەنسە ، پەسكەشلىكى ، ئېرىگە بولغان ساداقەتسىزلىكىدە ئۆلچىنىدۇ .

▲ «كىبىرەككە كەپتۇ» دېيىش پەخىرلىنىش بولماستىن پايدىلىنىش ئۈچۈن دېيىلگەن سۆزدۇر .

▲ دوستۇڭ بىلەن دۈشمىنىڭنى ئېنىق تونۇغان ۋاقتىڭ قەبرىگە كىرىپ بولغان ۋاقتىڭدۇر .

- غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق كەنت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## شورلۇق قىسمەتلەر

▲ «راستچىل ، ئەمەلىيەتچىل بولۇش» ئىستىلىنى زوركۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشنىڭ كۈچەپ تەشۋىق قىلىنغىنىغا قارىغاندا ، بۇندىن بۇرۇن ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ كەلگەنلىكىمىز ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ .

▲ چۈشەندۈرەلمىگەنلىكەنسەن ، ئاغزىڭنى يۇم .

▲ مۇتىھەم مۇتىھەمدىن قورقىدۇ .

▲ تارىخچى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئۈچۈن ئەرزىمەس ئادەمدۇر ، ئەمما كېلەچەك ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە يېتۈك ئادەمدۇر .

- زەپەر ئابدۇلھەي

ئاپتور : نىلقا ناھىيە سۇ ئىدارىسى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېچىپ سۇ بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىش

▲ يولدا كېتىۋېتىپ يېڭى ئېچىلغان بىربەزمىخانىنىڭ ئالدىدا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناغرا-سۇناي چېلىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇرنى كۆرۈپ ، تۇرۇپلا قالدىم . بىر چاغلاردا كىشىلەرنى جەڭگە ئۈندەيدىغان ، جەڭگە چاقىرىدىغان ، كېيىنكى كۈنلەردە بولسا مىللىي ئەنئەنىۋى ھېيت-ئايەملىرىمىزنىڭ جاكارچىسى بولغان مىللىي مىراس ۋە

ئۇنىڭ ئاتالمىش ئىگىلىرىنىڭ يوگىنىكى كۆزىگە كەلگەندە بەزمىخانىنىڭ ئالدىدا خېرىدار چاقىرىۋاتقان چاغدىكى تۇرقىدىن «دەججال»نى كۆرگەندەك بولدۇم-دە، ئىختىيارسىز كۆلۈپ تاشلىدىم.

▲ توي خېتى كېيىش تۇرىدا، ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغان يەتتە ئەزايى ساپساق بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر ئايالدىن بالىسىنىڭ بېقىش خىراجىتىنى تەلەپ قىلىۋاتقان شەرمەندىلەرچە تۇرقىنى كۆرۈپ، بۇ چەرخى پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشلىرىغا ئىختىيارسىز كۆلۈپ تاشلىدىم.

**— مۇھەممەتئىلى ئابدۇكېرىم**

ئاپتور: قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ يېزا تاربوغۇز كەنتىدە، كەچ ئويمىكەر

## قەلب چۇقانلىرى

▲ چىرىكلەشكەن ئەلدە مېھىر-شەپقەت بولمايدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇمايدىغان مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى چۈشىنىكسىز، ھازىرى چۈشكۈن، كەلگۈسى زۇلمەتلىك.

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ كۆز يېشى ئاچچىقتىن، ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى كۈلپەتتىن.

▲ ھەرقانداق چېكىدىن ئاشقان يېقىنچىلىق ئادەمنى ئاسانلا بىزار قىلىدۇ.

▲ ھەممە ئىشنى كەلگۈسىگە باغلىغان ئادەم، چوقۇمكى ھەممە ئىشتا مەغلۇب بولغان ئادەم.

▲ قانۇنى مۇكەممەل بولمىغان ئەلدە سىياسەت ھۆكۈمدارلار مەنپەئىتى ئۈچۈن (پۇقرالارغا) يۈرگۈزۈلىدۇ.

▲ مائارىپى رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرمىغان ئەلنىڭ تۇرمىسى مۇستەھكەم بولىدۇ.

## «دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى»دىن ئويلانمىلار

▲ «دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى» — بۇ بىزنىڭ كەسكىن رىقابەتتىكى سەمىمىيىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما خىرىسقا بولغان ئىگىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ھازىر بىز ئۇچراۋاتقان كرىزىسنىڭ ئوت پىلتىسىدۇر.

▲ مۇسابىقە مەيدانىدىكى دوستلۇق — جەڭ مەيدانلىرىدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىگە تەسلىم بولۇشتۇر.

▲ مۇسابىقىدە دوستلۇق، دوستلۇقتا مۇسابىقە بولماسلىقى كېرەك.

**— غولام تۇرسۇن**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار چىڭگىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئىلگىرى مىللىتىمىز ھەققىدىكى پاراڭلارنى ھەممە جايدىن ئاڭلاپ تۇراتتۇق، ئەمدىلىكتە بولسا قاۋاقخانىلاردىن ئاڭلايدىغان بولدۇق.

**— مۇھەممەتجان قۇربانىياز**

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزا جىگدىلىكتوتاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ راھەت خۇددى شورىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر سىز ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسىڭىز ئىچىڭىزنى سورۇۋېتىدۇ.

▲ بەدىنىڭىزدىن ئاز-تولا تەر چىقىپ تۇرمىسا، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندا قان چىقىدۇ.

ئەپەندى، ئاپتور ئەسىرگە ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ شائىر بولماقچى ئىدىم، بەزى مۇھەررىرلەر چىن ئەسەرگە ئۆز مەتبۇئاتلىرىدىن ئورۇن بەرمىدى، يالغاننى ماختاشقا ۋىجدانىم قويمىدى. ئاخىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەق سۆزلەشكە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

▲ ئادەم بولاي دېسەڭ مېھرىبانلىقنى ھايۋاندىن ئۆگەن.

**— غوپۇرجان شېرىپ**

ئاپتور: قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزا توغراقلىق مازار كەنتىدە، دېھقان

## ئۆزۈك نەپەسلەر

▲ مەن قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن ھۇزۇرلانغانلارنى كۆرگىنىمدە قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىمەن. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ قۇشلارنىڭ شادلىقى ئۈچۈن سايراۋاتقانلىقى ياكى قايغۇسى ئۈچۈن نالە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ.

▲ مەن بېشىمنى تىققۇدەك كەپەم يوق چاغلاردىمۇ ئۆزۈمنى ماكانسىز ھېس قىلىپ باقمىغان، لېكىن باشقىلارنىڭ ئېسىل ئۆيلىرىدىمۇ ماكانسىزلىقىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم.

▲ گۈزەللىك كۆرۈمسىز نەرسىلەر سەۋەبلىك تېخىمۇ ئۈچۈق گەۋدىلەنسە، كۆرۈمسىزلىك پەقەت گۈزەل نەرسىلەرگە يېپىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ ئاشكارىلايدۇ.

▲ قۇشلار تىلىمنى ئۇقمايدۇ، بۇنىڭدىن ئەپسۇسلانمايمەن. بىراق، ئۆز قەۋمىدىكىلەرنىڭ قۇشلاردەك بەختسىز بوپقېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

**— داۋۇت رەھمان**

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە مارالبېشى 44-پولك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھەقىقىي — چىن مەنىدىكى سىرداش دوست تېپىشنى خالىسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ. ھەرقاچان سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ دوستىڭىزنى دوستىڭىزغا ۋە ئۇنىڭ دوستىغىمۇ تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

**— مەمتىمىن ئابدۇخالىق**

ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەت 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دېگەن ئىشنى قىلالماسلىق ئىرادىنىڭ بوشلۇقى.

**— ئابدۇروسۇل تۇرسۇن**

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ج خ ئىدارىسى ئامانلىق ئىشلىرى بويىچە

توختىتىپ قويۇش ئورنىنىڭ ساقچىسى

▲ نەزەرىيە ئىرادىنى سىنايدۇ، ئەمەلىيەت چىدامچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

▲ دىن ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

▲ قانداق ياشاشنى بىلمىگەنلەر، قانداق ئۆلۇشنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ ياشلىق ئادەم خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈدىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

▲ غايىبىتىن كەلگەن مەدەت ئادەمگە ئۆمۈرلۈك تەسەللىي بولالايدۇ.

▲ دادام بىلەن بەھس - مۇنازىرە قىلىشقان ۋاقىتلاردا مەن مەغلۇب بولغۇچى، باشقىلار بىلەن بولغان بەھس - مۇنازىرىدە مەن غەلىبە قىلغۇچى.

▲ بىزنىڭ تاشقى قىياپەتلىك مۇسۇلمانلىرىمىز روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەكتە.

▲ چېنىقىش - روھىي ئازادلىقنىڭ سىمۋولى.

**- روزىمۇھەممەت كېرىم**

ئاپتور : لوپ ناھىيە دول يېزا زاكۇ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ شەخسىيەتچى بىلەن كېكەش قىلساڭ پىكرىڭگە كەل دەيدۇ.

▲ بىر مەخپىي ئىشنى كۆپ ئادەم بىلەن قىلىش ئەمەلىيەتتە شۇ ئىشنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلغانلىقتۇر.

▲ ئىشەنچ يوقالغان يەردىن كۆرۈدىغىنىمىز چۈشكۈنلۈك، چۈشكۈنلۈك بار يەردىن كۆرۈدىغىنىمىز خار-زەبۇنلۇق.

**- ئابدۇرەززاق مۇھەممىدىي**

ئاپتور : ئۈرۈمچى شەھىرى شامالباغ كوچا 51-قورۇدا، خۇسۇسىي دوختۇر

## كۈندىلىك خاتىرەمدىن تەرمىلەر

▲ ئېتىقادسىز كىشى قەسەمخور كېلىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ بۇزۇقى ئاياللارنىڭ جىسمىنى بۇلغاپ، قەلبىنى جاراھەتلەندۈرسە، ئاياللارنىڭ بۇزۇقى ئەرلەرنىڭ نامىنى بۇلغاپ، روھىنى كاردىن چىقىرىدۇ.

▲ گاھى چاغلاردا نەچچە توم رومان يازغان بەزى يازغۇچىلاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزى ئېلان قىلىنغان ھەۋەسكارلارنى ئارتۇق كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ «يازغۇچى»لار رومان يېزىش ئۈچۈنلا رومان يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىپ «گەپ ئىنقىلابى» ئېلىپ بارسا، ھېلىقى ھەۋەسكارلارنىڭ ئاددىي بىر جۈملىسىدە بولسىمۇ ھەقىقەت تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ، خەلقىمىزگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۆزىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

▲ بۈگۈنكى كۈنلەردە بىزگە كېلىدىغان پىشكەللىكنىڭ كۆپىنچىسى دوسلاردىن كېلىدىغان بوپقالدى.

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدىكەن، ھەقىقىي

ئەدىبنىڭ چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. تەلەپچان ئۇستىنىڭ قولىدىن يارامىلىق شاگىرت چىقماي قالاتتىمۇ؟

▲ ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى پۇچەكلەشكەندە شەھۋانىي سەنئەت ھۆكۈم سۈرىدۇ.

▲ پۇلدىن ھوقۇق چىقىدۇ، نامراتلىقتىن جىنايەت.

▲ ئۆزۈڭنى بىلمىسەڭ ئۆزگىلەر تەرىپىدىن كىشەنلىنىسەن.

**- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ قويۇم ئۇسساپ كەتكەنىكەن، ئالدىغا مەنتالڭ قۇيۇپ قويدۇم. ئۇنى ئىچىپ قاندى. يەنە بىر كۈنىمۇ شۇنداق ئۇسساپ كەتكەنىكەن، بۇ قېتىم ئالدىغا سېسىق سۇ قويدۇم، ئۇنىمۇ ئىچىپ قاندى. مەيلى قانداقلا نەرسە بەرمەي ئۇ ھەممىسىنى ئىچىپ قاندىكەن. ئويلاپ باقسام بىزنىڭ روھىيىتىمىزمۇ شۇنداق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئالدىمىزغا قانداق مەدەنىيەت قويۇلغان بولسا شۇنى قوبۇل قىلىدىكەنمىز. ئاخىرىدا كۆپلىرىمىز بۇلغۇنىدىكەنمىز، خالاس.

**- ئەزىز ئەخمەت**

ئاپتور :قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەملەرنى سۆيىدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرالايدىغان كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتتا تۆھمەتكە قالىدۇ.

**- مۇھەممەت نۇر**

ئاپتور :باي ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئاياللارنىڭ سىلاپ-سىيپاشلىرى ماھىيەتتە جېنىڭنى بەر دېگىنى.

▲ ئېتىقادى قۇل مىللەت مەڭگۈ قۇللۇقتىن ئازاد بولالمايدۇ.

▲ سارالڭ زامانىنىڭ ئەركە بالىسى، ئەمما بىز ئۇنى مەھبۇس قىلىۋالدۇق.

▲ ئاياللار گىرىم ئارقىلىق تەبىئىي گۈزەللىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر.

**- ئوسمان تۇرسۇننىياز**

ئاپتور : گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا چاسكام كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئاجىزلار كەلگۈسىنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلايدۇ، كۈچلۈكلەر ئەقىل-پاراستى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە. مانا بۇ ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى ئوخشاش بولمىغان تايىنىش ئوبيېكتى.

**- راخمانجان مۆمىن**

ئاپتور :ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز

— بۇ ئەسىرىمىنى ئۆزۈمگە بېغىشلايمەن

يۇسۇپجان سەمەت ئەفىيفي

زامان، ماكان بىپايان، كېزىپ جىقالماس ئىنسان.
كىتابەت قەتىرىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان.
— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## 1

ئالىملار ئىنسانلار تارىخىنى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بەلگە قىلىپ 5000يىللار ئەتراپىدا دەپ قارىسا، ئارخېئولوگلار يەردىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل تېپىندىلارنى تەتقىق قىلىپ چىقىش ئارقىلىق ئۇنى نەچچە ئون مىڭ يىلغا ئاپىرىدۇ. مۇسۇلمان ئالىملىرى بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ يېشىنى ھېسابلاپ چىقىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تارتىپ بۇگۈنگىچىلىك تارىخىنى 7000يىللار ئەتراپىدا دەپ خۇلاسىلەيدۇ. ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىنى باشلانما قىلىپ تۈزۈلگەن مىلادى كالېندارى (قۇياش كالېندارى) ئىسترىلىكىسى ئىككىنچى مىڭىنچى يىلنى كۆرسەتكىنىگە بىر نەچچە يىل بولغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى باشلانما قىلغان ھىجرىيە كالېندارى (ئاي كالېندارى) شۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە 1425يىل بولغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسى تارىخىنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتى تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## 2

ئەلۋەتتە، نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە يۈز بەرگەن توپان بالاسىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخ بىزگە نامەلۇم. ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنكى بۇ جەرياندا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھايات مۇساپىسىدە قانچىلىك يۈكسىلىش پەيدا قىلالىغان، ئۇ ۋاقىتلاردىكى تەرەققىيات بۈگۈنكىدەك يۈكسەكمىدى ياكى بۈنىڭدىنمۇ ئۈستۈنمىدى؟ بۇ

روھ جۇفالىرى

سوئاللارغا قانداقلا جاۋاب بەرمەيلى ،ئاشۇ توپان بالاسىدىن كېيىنمۇ ئىنسانلار قوللىرىغا قايتا كەتمەن ئېلىپ ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بەرپا قىلدى . قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى ،بابىل مەدەنىيىتى ، يۇنان مەدەنىيىتى ، سۇمېر مەدەنىيىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەدەنىيەتلەر ئۆز دەۋرىدە ئاجايىپ سەلتەنەت سۈرگەندى .تارىختا ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى بار . بەلكىم بۇ ئۇزۇن تارىخ مۇساپىلىرىدە تالاي مەدەنىيەتلەر تارىخ يىلنامىلىرىگە كۆمۈلۈپ قالغاندۇ . ئەمما ، بەزى مەدەنىيەتلەر ھېلىھەم مەڭگۈلۈك قىممىتىنى ساقلاپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقى ھەم قىممىتىنى نامايان قىلماقتا .

پۈتكۈل شەرق دۇنياسىغىلا ئەمەس ، پۈتكۈل يەرشارىغا نىسبەتەن ئاجايىپ ھادىسە - ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇنىڭدىن 15ئەسىر بۇرۇن يۈز بەرگەندى . بۇ دىن ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس رەۋىشتە رېئال ئىپادىسىنى تاپتى . ئۆز يۇرتلۇقلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا يۇرتقا - مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ ،كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى . ئەرەبلەرنىڭ قىز-ئاياللىرى ئۇ مەدھىيىلەنگەن نەزمىلەرنى ئوقۇپ ئۈنى كۆتۈۋالدى .بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنى باشلانما قىلغان يىلنامە مۇسۇلمانلارنىڭ كالېندارى بوپقالدى . «قۇرئان كەرىم»بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرىغا ئايلاندى .كېيىن ئۇلار خەلىپىلىكلەر ،ئۇمەييەلەر ،ئابباسىيلار ،ئوسمانىيلار دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى .كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى . مىلادى 7-ئەسىردە گەرچە ئەرەبلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ يېزىقى تېخى مۇكەممەللەشمىگەندى .ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بېشى ھېسابلىنىدىغان پۈتكۈل قۇرەيش قەبىلىسىدە پەقەت 17ساۋاتلىق كىشى بار ئىدى . مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىكى يېڭى مەسىلىلەرنى تۇغدۇردى .زىر-زەۋەرلىرى ئەمەس ،چېكىتلىرىمۇ يېزىلمايدىغان ئەرەب يېزىقى ۋە بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن «قۇرئان كەرىم»باشقا يات تىللىق مۇسۇلمان خەلقلىرىگە يېڭىچە سوئالنى قويدى .شۇنىڭ بىلەن ئەرەب يېزىقىنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى ئالىملار مەيدانغا كېلىپ ، ئەرەب يېزىقى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتى .مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى «قۇرئان كەرىم»توغرىسىدىكى بەھس - مۇنازىرىلەر ،ئۇنىڭغا باغلانغان ئىلمىي بالاغەت ،ئىلمى مەنتىق (لوگىكا )، گراممatika . . . قاتارلىق پەن تۈرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى . كېيىن كونىلار ئېيتقاندەك ،ئىلىم ساھەسىدە «قىلنى قىرىققا يارىدىغان»ھالەتلەر شەكىللەندى . ئەرەب تىل-يېزىقىدىكى بۇ خىل ھادىسىلەر ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئەزەلدىن ئەپ ئۆتمەيدىغان ئەرەبلەرنىڭ بەدەۋى ، كۆچمەن قەبىلىلىرىنى مىسلىسىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، ئۇلار دۇنيادىكى تىل-يېزىقى ئەڭ ساپ ساقلانغان مىللەت بوپقالدى . (ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارمۇ ئۇقۇم-ئاتالغۇ مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلمەكتە .چۈنكى ،بالىغا دادىسى ئىسىم قويمىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ) گەرچە ئۇلاردا ئىلىم تەرەققىي قىلىپ ، «قۇرئان كەرىم»تەفسىرلىرى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ،ھەدىس شەرھلىرى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ ،ئۇلار ئاران بىرنەچچە ئايەت ياكى ھەدىسنىلا بىلىدىغان ساھابىلەر دەۋرىدىكىدەك دەۋرنى قايتا ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىدى .خەلىپىلەر بولسا كېنىزەك (دېدەك )ھېسابىدا ئوردىغا كىرگۈزۈلگەن نازىنىنلارنىڭ چۈمبەل ئىچىدىكى ناز-كەرەشمىلىرىگە مەستۇ-مۇستەغرەق بولغان ھالدا ئەيش-ئىشرەت قوينىدا يۈرۈپ ،ئۇزۇن ئۆتمەي غايەت زور بۇ ئىمپېرىيىمۇ يىمىرىلدى .

ئەلۋەتتە ، ھەربىر تەۋەككۇلچىلىكتىن بۇرۇن پىكرىي تەۋەككۇلچىلىك بولغان بولىدۇ . غەربلىكلەرنىڭ كولۇمبۇ ،دىئاس ،داگاما ،ماگىللان باشچىلىقىدا ئوكيان كېزىپ دېڭىز يوللىرىنى ئېچىشى ، ئۇلارنىڭ مال-دۇنياغا بولغان ماددىي ئېھتىياجى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى .شۇنىڭدەك ،بۇ دېڭىز يوللىرىنى ئېچىشتىن ئاۋۋال غەربلىكلەر ئاللىبۇرۇن پىكرىي سەپىرىنى باشلىۋەتكەنىدى .مارتىن ليۇتېر (1546-1483 ) قاتارلىق دىنىي ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئېلىپ بارغان بىرقاتار ئىسلاھاتلىرى غەربنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىغا ئاجايىپ تەسىر كۆرسەتتى .دەرھەقىقەت ، قانداقلا بىر مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى شۇ مەدەنىيەت تىپىنىڭ تەپەككۇر ئىسلاھاتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

مارتىن ليۇتېر ، ئىندىراگەندىي ،پېتىر I ئىسلاھاتلىرىنىڭ ۋە ياپونىيە مېيجى يىللىرىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۆز مەدەنىيەت تىپلىرىغا نەقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدىن مەلۇمدۇر .ئىسلاھات-تەپەككۇر يېڭىلىقى مەڭگۈلۈك تېمىدۇر .مەيلى بىر شەخس بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولسۇن ، ئۆز تەپەككۇر ئەندىزىسىنى زامانغا لايىق رەۋىشتە يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك .مۇسۇلمانلار شەرقىدىكى «شەرقنىڭ ليۇتېرى»دەپ ئاتالغان جەمالۇددىن ئافغانىي (1839 - 1897 )ئەينى دەۋردە ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ،بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە مىسىرلىق ئىسلام ئالىمى ،

جەمئىيەتشۇناس، پەتىۋاشۇناس يۈسۈپ قەرزاۋىي «پەتىۋا زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقاردى. بۈگۈنكى زامانچە پەتىۋا مەسىلىلىرىدىن «ئىسلامدىكى نوپۇس چېكى»، «ئىسلام ۋە ئاياللار مەسىلىسى»... دېگەندەك تېمىلار ئەرەب زىيالىيلىرىنىڭ تەتقىقات مېتودىغا ئايلاندى. دەرۋەقە، بۈگۈن ھېچقايسى دەۋرگە ئوخشىماي قالغاندى. بۈگۈنكى دەۋردە ھەممە نەرسە بۈگۈنكى زامانچە خاراكتېرلەندى. ئەلۋەتتە، ھەربىر مەسىلە بۈگۈنكى زامانچە جاۋابقا موھتاجدۇر. بۇنداق شارائىتتا ئىنسانلار ئۆز تەپەككۇرلىرىنى بىلەپ تۇرمىسا بولمايدۇ.

مارتىن لىيۇتېرنىڭ شۇ قېتىملىق دىنىي ئىسلاھاتى غەربنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى بەلگىلەپ قويدى. غەربنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى، تېخنىكىۋى ئىختىرالىرى ئۇنىڭ يەرشارى سىياسىيسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى بەلگىلىدى. گەرچە غەرب نەچچە يۈز يىل دۇنيانى سوراپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى مەلۇم نىسبەتتە خورىغاندى. بۈگۈنكى كۈندە تارىختىن بۇيان مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت تىپلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق ھالىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى»دىن كېيىنكى دۇنيا سىياسىي تەرتىپى ۋە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى سەيمىل خانتىڭتون كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەدەنىيەتلەر ئەندىزىسى ھەم بۇنىڭدىن كېلىۋاتقان غەربنىڭ ئەندىشىسى ئاشۇنى كۆرسىتەتتى. گەرچە تارىختا مەۋجۇد بولۇپ ئۆتكىنىدەك مىسلىسىز زېمىن تېررىتورىيىسىگە ئىگە ئىمپېرىيىلەر دەۋرى كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، سىياسىي مۇتەپەككۇر سەيمىل خانتىڭتوننىڭ كۆزىگە دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى تۈزۈۋاتقان مەدەنىيەت تىپلىرى بىر قاتار مەنىۋى ئىمپېرىيىلەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئەڭ تەشۋىشكە سالىدىغىنى، شەرقىي ئاسىيادا مىسلىسىز گۈللەنگەن، تارىختىن بۇيان شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان، بۈگۈن ئۆزىنى قايتا تەكىتلەۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن، نوپۇسى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ماراكەشتىن ھىندونېزىيىگىچىلىك، نېگىرىيىدىن قازاقىستانغىچىلىك تەسىرگە ئىگە، شۇنداقلا، ئۆز ئەزالىرى دىنىي ساپلىققا قايتىۋاتقان مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىدى. ئۇنىڭغا شەرقىي ئاسىيادىكى ئەجدىھا نەرە تارتىۋاتقاندەك، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىلال ئاي قىلىچ بىسىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئاپتور (سەيمىل خانتىڭتون) نىڭ 1996-يىلدى-كى قەلىمى ئاستىدا روياپقا چىققان مەزكۇر ئەسەر بۈگۈنكى دۇنيادىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، جۈملىدىن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان مەسىلىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئالدىمىزغا تاشلايدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى سالاھىيەت ھەرخىل تەرەپلەر تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ. گاھىدا يۇرتۋازلىقمۇ، پۇتبولغا ئوخشاش چوڭ مۇسابىقە تۈرلىرىدىكى A، B تەرەپلەرگە ئايرىلىشمۇ، ئىرقىي ئۆرپى پەرقمۇ ۋە شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي پەرقمۇ بىر «سالاھىيەت» بوپقالىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇيەردە بىز بىر كىشىنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغىنى، ئۇنى ھەقىقىي سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدىغىنى خانتىڭتون دەپ ئۆتكەندەك مەدەنىيەت ئىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بۈگۈنكى بۇ يېڭى دۇنيادا كىشىلەر ئۆز سالاھىيىتى بىلەن مەدەنىيەت قەلئەلىرىگە قايتماقتا. دۇنيادىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي يۈزلىنىشلەر، ئۈزۈك سەپ ئۇرۇشى رايونلىرىدىكى تۈگىمەس نىزا - جېدەللەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تەبەسسۇمغا ئورالغان دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەر بۇ خىل قاراشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكتە. كىشىلەر كو ئىدىيىنىڭ ئۈستىگە يېڭى چاپان كىيىپ ياشاۋاتىدۇ. تارىختىن بۇيان ئۆزگەرگىنى ئەسلىيە بولماستىن بەلكى سىرتقى قىياپەتتۇر. چاپاننىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر بولسا يەنىلا تۈنۈگۈنكى ئادەملەردۇر.

بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىزدىنىشلىرى ئۆز مەدەنىيەت تىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، بۈگۈنكى يېڭى زامانىۋى دۇنياغا پاراللېل قىلىش ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەرقايسى مەدەنىيەت باشچىلىرى ۋە ئاۋاملىرى يولۇققان ئورتاق ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. ماھىيەتلىك مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ تەرەققىيات، يۈكسىلىشتىن سۆز ئېچىش بەسى مۈشكۈلدۇر. شۇنىڭدەك، گۈللەنگەن دۆلەتلەرمۇ (خۇددى ياپونىيىدەك) بۇ ماھىيەتلىك مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغانلاردۇر.

مەزكۇر كىتابنى ۋاراقلاپ كېلىپ، ئاپتورنىڭ ئاخىرقى بەتلەردىكى ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوقۇپ تاڭ قالىمىز. راستىلا غەرب «ھاكاۋۇرلۇق»، جۇڭگو «ئۆكتەملىك»، ئىسلام دۇنياسى «سەۋرسىزلىك» (مەزكۇر كىتاب 317-بەت) قىلسا، ئالەم مالەم بولاتتى، دۇنيا قايتا ئوت ۋە ئوق دېڭىزىغا ئايلىناتتى. (خۇدا ئۇ كۈنلەرنى نېرى قىلغاي) بۇ خىل ئېھتىماللىقنى يوق دېگىلى بولمايتتى ھەم بار دېگىلىمۇ بولمايتتى. قانداقلا

بولمىسۇن ،بۇگۈنكى دۇنيا تەرتىپى بىر مەدەنىيەت ياكى بىر دۆلەت زوراۋانلىقى ،ئۆكتەملىكىنى كۆتۈرمەيدىغاندەك قىلىدۇ .«كۆپ مەدەنىيەتلىك خەلقئارا تەرتىپ بولسا ،ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر» (مەزكۇر كىتاب 610-بەت) . لېكىن كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ دۇنيا شۇنداق قىلالارمۇ؟ بۇنىڭغا يەنىلا ئەمەلىيەت - تارىخ ئۆز جاۋابىنى بېرىدۇ .

بەزىدە تۇرۇپ ئويلاپ قالىمەن : سەيمىل خانتىڭتوندەك زىيالىيلار ئۆزىنىڭ غېمىنى يەپ مۇشۇنداق يىرىك ئەسەرنى تاماملىغان 1996-يىللىرى بىز نېمىلەرنى قىلىۋاتقان بولغىيتتۇق .دەل مۇشۇ يىل بىزنىڭ يۇرتتا ئادەملەر مەھەللىۋى مەسچىت ھەققىدە شۇھرەت قوغلىشىپ ،بۇ تەرەپتە ئىككى-ئۈچ يۈز ئادەم ،ئۇ تەرەپتە ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم ئۆزئارا توقۇنۇش قىلىۋاتاتتى . بۇ تەرەپ ئۇلارغا تاش-چالما ياغدۇرسا ،ئۇ تەرەپكە ئۇلار تىل ياغدۇراتتى .مانا بۇ مېنىڭ بۇ ھاياتىمدا كۆرگەن تۇنجى ئەمەلىي «جەڭ» ئىدى . . .

روھىيەتنىڭ كەڭرىلىكى تەبىئەتنىڭ كەڭرىلىكىدىن قېلىشمايدۇ .

كۆپ كىشىلەر سىرتقى قىياپەتكە ئەھمىيەت بەرگەندەكلا روھىيەت دۇنياسىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ .ئەمما ، ھەممىلا كىشى ئۇنداق ئەمەس . شۆكلاشقا تۈگىمەس نىزالار روياپقا چىققان .روھىيەت دۇنياسىنىڭ قانائىتى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر . ئىنسانلار روھىيەت ئىلىملىرىنى قېزىپ چىقىرىشى ،ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ ،روھنى قۇتقۇزۇشى ۋە قانائەت تاپقۇزۇشى كېرەك .تالانتلىق شائىرىمىز ئادىل تۇنىياز روھىيەتنى ئازراقلا قېزىپ قويۇۋىدى ،ئوبدانلا تەسىرگە ئېرىشتى . بۇ دۇنيادا پاكلىق بىلەن ساددىلىق توقۇنۇشمايدۇ ، شۇنىڭدەك ، پاكلىق بىلەن ئىقتىدار - قابىلىيەتمۇ توقۇنۇشمايدۇ . ئەمما ئىقتىدار بىلەن ساددىلىق توقۇنۇشىدۇ . ئىنسانلار تېخى يۈرەكنىڭ نازۇك تارلىرىغا زەخمەك ئۇرۇۋېتىدىغان ،كۆزدىن مىرتتىدە ياش چىقىرىۋېتىدىغان ئاجايىپ دەقىقىلەرنى خاتىرىلەپ ئۆلگۈرمىدى ; ئىنسانىيلىققا ھاقارەت قىلىنىدىغان ئاجايىپ رەزىللىكلەرنى خاتىرىلەپ ئۆلگۈرمىدى . كۆڭۈل بىراۋ سىيىپ قويسىمۇ ،سوت قويۇپ قويسىمۇ ئوخشاشلا ساقلاۋېرىدىغان «قاچا»بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، بولسىمۇ ، جارى قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن قەلب پاكلىقىغا ئېتىبار بېرىلمىدى . چۈنكى بىز كىشىلەر چاپانغا قاراپ ئادەمگە باھا بېرىدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز .مەيلى ئىنسان قايسى خىل مەدەنىيەت تېپىدا بولسۇن ،قانداقلا شەكىلگە كىرىۋالسۇن ، روھىي پاكلىق - ئىنسانىيلىق ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى كېرەك .

بىز پاكلىق دېسە بالىلارنى ئەسلەيمىز . توغرا ، بالىلار ھەقىقەتەن پاك ئىنسانلاردۇر . ئەمما ئۇلارنىڭ پاكلىقى ئۇلارنىڭ مەلۇم غەرەزلىك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بىراقچوڭلار ئۇنداق ئەمەس . ئۇلاردا دۇنياغا بولغان ھەۋەس ،ھەرخىل تۇيغۇلار بولىدۇ . ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان ھېسسىم شەكىللەنگەن . ئەگەر ئۇلار مۇشۇ خىل ھالەتتىمۇ يەنىلا پاك بولالىسا ،شۈبھىسىزكى ، ئۇلار بالىلاردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ . بالىلارنىڭ پاكلىقىنى سان ئۆقىدىكى «0»دېسەك بولىدۇ .

ئەگەر ئىنسانلار ئارىسىدا روھىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدىكەن ، بىر-ئىككى رەزىل ئەبلەخمۇ نۇرغۇنلىغان ئادەمگە زىيان سالالايدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز .بىزنىڭ فانتازىيىلىك فىلىملىرىمىزدە ھەمىشە ھەقىقانىيەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردا ھەقىقانىيەت غەلىبە قىلىپ ، ئىنسانىيەت «قۇتۇلۇپ»قالىدى .ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئاشۇ رەزىللەرنى توسۇمىغان بىزلەرمۇ جىنايەتكار بوپقالىمىز .

مەلۇم بىر ژۇرنالدىن بىر خەنزۇ ئاپتور سىزغان بىر پارچە رەسىمنى كۆرگەنىدىم : تۆت تېمى ،ئاستى ۋە ئۈستى مەرمەردەك سۈزۈك بىر ئۆي ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن بىر ئادىي ئۈستەل قويۇلغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە رەخت (ئاق)يېپىپ قويۇلغان . ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۇنيا ئىدېئولوگىيىلىرىنىڭ باشچىلىرى ئولتۇرۇشقان : ئوتتۇرىدا كۆڭزى بىلەن ئېيسا (خرىستوس) ، چۆرىلىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ،ئىسكەندىرا گەندىي ، كارل ماركس ،ساكيامۇنىي ،ۋىناس ۋە ئاپئاق سەللە كىيگەن ،ئۇزۇن ئاق تون كىيىپ يۈزىنى چۈمكىۋالغان ،قاپقارا ساقاللىق ،قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەرەب (بەلكىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەققاس قىلىنغان بولسا كېرەك )ئولتۇرۇشىدۇ .ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ۋە تىنچلىق ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقتەك مەنە بالقىپ تۇرىدۇ . . .

ئىنسانلار ئىلگىرى يىراق مۇساپىلەرنى قوچاقلاپ ،ئات ھارۋىسىغا ئوخشاش قاتناش قوراللىرىنى ۋاستە قىلىپ ياشاپ كەلگەنىدى . بۈگۈنكى دۇنيا بولسا ئىنسانلارنى ئۆزگىچە رەڭدار قىياپىتى بىلەن بېزەپ تۇرۇپتۇ .ئەينى دەۋرلەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالام (م . ئى 1043 - 973) تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان تۆمۈرنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ زور مۆجىزە ھېسابلانغانىدى . ھازىر بولسا بۇ مىساللارسىز دۇنيا سانائەت ئىختىرالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . . . دەرۋەقە ، ئىنسانلار زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى . ماھىيەت

ئۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ تۈنجى ئەجدادىدىن ھالقىپ كېتەلىدىمۇ؟ «لېكىن ئۇ ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ تۈنجى ئەجدادىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سان 56-بەت). «نادانلىقمۇ تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سان) ماڭدى. نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئەمەس، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئېغىر ئەمگىكىنى بىر دەمدىلا قىلىۋېتەلەيدىغان ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار ئاشۇ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئالالمىدى؛ ئىنسانلار ئاي شارىغا چىقىپ ساراي سالدى، لېكىن يەر شارىدا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ چەللىلىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان، بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشسىز كەپىلەر تۈگىگىنى يوق؛ ئىنسانلار تېبابەتتە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ «ئالىملىرى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بىرلەشمە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىنسانىيەتنىڭ گېن گۇرۇپپىسى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى» (ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان: «ئادەملەردە ئۆلۈم ۋە مۇھىت ئېڭى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 4-سان 10-بەت). ئالىملارنىڭ ئىجاد قىلغان دورىلىرى تارىختىكىدىن كۆپ. ئەمما ئىنسانلار ھېلىدىن ھېلىغا پەيدا بولۇۋاتقان ئاجايىپ-غارايىپ كېسەللىكلەر ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغىنى يوق. يادرو قوراللىرى تەھدىتى، ئىجتىمائىي بېسىملار، كەلكۈندەك يامراۋاتقان زىيادە ئەخلاقسىزلىق... ئىنسانلار يەنە نېمىلەرنى كۆرەركىن؟!...

تالاي ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمايۋاتقان ئىنسانلار پەقەت بۇرنىغا يېگەندىلا بۇ ھەقتە قايتا ئويلىناتتى. ئۇلار ئەيدىز كېسىلى يامراپ ۋەھىمە ئەكېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەخلاقنى تەكىتلىسە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ماددىي زىيان ئەكەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلسە، بۇ، ئىنسانىيلىقتا ھاقارەت بولماسمۇ؟! ھەربىر ئىشتا ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكەندە تونۇلىدىغان ئىش بولسا، بۇ تازىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دۇنيانى تولىمۇ گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەڭگۈلۈك خۇشاللىق، مەڭگۈلۈك تىنچلىق، مەڭگۈلۈك بەخت، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت، مەڭگۈلۈك پاكلىق، مەڭگۈلۈك ھەقىقەت... مەڭگۈلۈك... «ھىم!» بۇ دۇنياچىلىقتا بۇلاردىن ئەسەرمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى گۈللىنىش ئىشلىرىدا مىسلىسىز رول ئوينىغانىدى. ئەمما كېيىنكىلەر ئۇنداق قىلالمىدى. يىللار، قەرنەلەر، ئەسىرلەر ئۆتۈپ ئىلگىرىكىلەر بىزگە ئوقى سۇنغان، ھەممە ئەزايى جاراھەتلەنگەن، كىرىزىس - مەسىلىلەرگە تولغان بىر ئەجەق يەرشارىنى تۇتقۇزدى. قارىغاندا بىز دۆلەتنىڭ، ۋەتەننىڭ پۇقراسى بولۇپلا قالماي، يەرشارىنىڭمۇ ئادىمى بولۇشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، دوزاخ ئوتى تولىمۇ شىددەتلىك بولىدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا باقماي يىلان ئاغزىدا ئوتنى چىشلەپ ئاپىرىپ دوزاخ ئوتىغا تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ قاتتىق كۆيۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. قارلىغاچ بولسا كىچىككىنە تۇمشۇقى - ئاغزى بىلەن يىراقلاردىن سۇ ئەكېلىپ بۇ ئوتنى ئۆچۈرمەك بولىدىكەن...

بەزىدە تورۇپ ئويلاپ قالىمەن. زامان، ماكان قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارنى ھامان بىر توغرىلىق كونترول قىلىپ كەپتۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلار بۈگۈنگىچىلىك ياشىيالاپتۇ. مەلۇم بىر توپ دەرەخ بار دېسەك، ئۇنىڭ مەلۇم بىر يەردە ئۆسكەنلىكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. ئۇ تەرەپتىكىلەر بولسا ئۇنى غەرب تەرەپتە، دەپتۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر ئۇ شەرق تەرەپتە، دەپتۇ... قانداقلا بولمىسۇن، شۇ دەرەخنىڭ ئاشۇ بىرلا ئورۇندا ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتۇر. خۇددى ئېينىشتېين ئېيتقاندەك: ئىلىم-پەن ھەممىنى ھەل قىلالىشى ناتايىن، ئەقىلمۇ ھەم. ئېينىشتېين مۇنداق دېگەنىكەن: «توغرا، بۇ دۇنيادا نېمىلەرنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىدۇق، ئەمما نېمىلەرنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئاجىز كەلدۇق».

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى رەھىمسىز دۇنيادا باشقىلاردىن مېھىر-شەپقەت كۈتمەكلىك بىتەرلىك ئەخمەقلىقتۇر. بىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى ئۆز قول-پۇتىمىز بولغىنىدەك، ئاساسلىقى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدۇر.

## 3

مانا بۇ قەدىرلىك پاكىز زېمىندا ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ياشاپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئەت مۇھىتىغا ئوخشاشلا ئۆز قەلبىنىمۇ پاك تۇتۇپ كەلگەنىدى. مانا بۇ تارىخىي جەرياندا ئۇلار ئۆزىگەخاس تۇرمۇش ئۇسۇلى، غىزالىنىش، كىيىنىش، بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇلار، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بەرپا ئەتكەنىدى. دەرھەقىقەت، «كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ قۇرغاق زېمىننىڭ مەدەنىيەت چۇلۋۇرى يەنىلا شۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر قوزۇقىغا باغلانغان» (قاراڭ: ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان: «شېئىرنىڭ تەكلىماكانى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان) ئىدى. ئۇلار بۇ تەپەككۇر ئەندىزىسى ئارقىلىق ھاياتلىقتا

مۇئامىلە قىلاتتى، ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىنى دەڭسەيتتى. «دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئادىتى قىياپىتىدىن يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئېيتقاندەك: «پەيلاسوپلارغا خاس تەمكىنلىك چىقىپ» تۇراتتى («قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىكى نەقىل جۈملە). ئۇلارغا قارايدىغان بولساق، كىيىنىشلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، غىزالىنىشلىرى، ئۆي جابدۇشلىرى ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار كۆپ ئېجتىھاتلىرىنى روھىي قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سەرپ ئەتكەندەك قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلاردىكى ئاق كۆڭۈللۈك، مەردلىك، ئەركەكچىلىك، ئېسىللىق ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قىلىنۋاتقان ھەربىر ئەمەللىرىدىن شۇنىڭغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياق چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز روھىدىن قانائەت ھېس قىلىشقانىدى.

گەرچە ئىلگىرىكى سوپى - ئىشانلار ھەرخىل تەپرىقچىلىكلەرنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، 20-ئەسىردىكى دۇنياۋى جەڭگى-جېدەللەر ھەرخىل تالاپەتكە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قەۋم يەنىلا ئۆزىنىڭ ياشلارغا خاس چەبدەسلىكى ۋە زىبالىقى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار جاھان مىللەتلىرى قاتارىدا خۇددى ماڭا ئوخشاشلا 21 ياشقا (21-ئەسىرگە) كىردى. ئۇلارنىڭ چېھرىدىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت يالقۇنجايتتى، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۆز مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ تەقۋالىق بىلەن ئېسىلغان بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن ھايات ھېكمەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئەجدادلىرىمىز بىزگە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدىكى گەپ، بىزنىڭ ئاشۇلارنى قەدىرلىيەلىشىمىزدە قالدى. قاراڭ: دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ قان-تەرى، تەپەككۇرى سىڭگەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بەك قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئاشۇ دوپپىنىڭ تىكىلىش جەريانىدا قانچە قوللارنىڭ تېلىپ، قانچە كۆزلەرنىڭ تورلاشقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

دەرۋەقە، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا «يۈسۈف-زۇلەيخا»، «فەرھاد- شېرىن»، «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «لەيلى-مەجنۇن»... دېگەندەك ئەسەرلەر كۆپ. بۇنى «ئىلگىرىكىلەر مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا ئىش يوقتەك يازغان» دەپ چۈشەندۈرسەك، مېنىڭچە سەل يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولىمىز. بەلكىم ئەجدادلىرىمىز بۇ خىلدىكى ساداقەتمەنلىكنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق كىرىزىس - مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ.

بەزىلەر «ئۇيغۇرلاردىن پەيغەمبەر چىقمىغان، بىز ئەزەلدىن ئوسال خەق...» دەپتۇ. بۇ قانداق مەنتىقە؟! بىزمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىمىز. ھېچكىم بىزنىڭ پېشانىمىزگە «شېئىرىي مىللەت»، «ھېسسىي مىللەت» دەپ پۈتۈپ قويمىغان. ئەگەر ئۆزىمىزنى باشقىلار ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان بولساق، ئۇ ئۆلچەمگە مەڭگۈ يېتەلمەيمىز. چۈنكى بىز باشقىلار ئەمەس! ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ھەقىقىي بىلگۈچىلەرمىز. مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەكۈنلىگەن: «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» (قاراڭ: ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كەلگۈسى بۇيەردىن باشلىنىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992-يىل 1-سان) دېگەن ھۆكۈم ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دېيىلىپ قالغان گەپ بولمىسا كېرەك.

گەرچە مەدەنىيىتىمىز يىمىرىلمەس يادروغا ئىگە بولسىمۇ، مەدەنىيەت پوستىدىكى سۈركىلىشلەر، ئايرىم ئازساندىكى (مەيلى قانچىلىك ئاز بولسۇن) كىشىلەرنىڭ شالغۇتلىشىشى كىشىنى سەل خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. (بۇ خىل ھادىسە ھەممە مەدەنىيەتلەردە مەلۇم دەرىجە بارغۇ). بولۇپمۇ ئۆزىنى «زىيالىي» دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ كىشىلەردىكى ئۆزگىرىشچانلىق بىزگىمۇ ئوخشاشلا يېڭى مەسىلىنى تاشلىدى. غەربچە تۇرمۇش شەكلى مەلۇم دەرىجىدە بىزگىمۇ بۆسۈپ كىردى. شەھەرلەردە بولسا قۇچاقلاشما تانسا ھېچقانداق بىلىنمەيدۇ. (ھەيي... شەھەرلىرىمىزدە ئۆز ئاياللىرىنى ئۆمەر بىننىي خەتتابقا ئوخشاش رەسۇلۇللاھتىنمۇ كۈنلەيدىغان، ئەركەكلىكى ئۇرغۇپ تۇرۇدىغان ئەرلەر بارمىدۇ؟) شۇنىڭدەك غەربچە تۇرمۇش شەكلىنى بەلگە قىلغان غەيرىيلىك سەل ئەدەپ قاپتۇ. زىيالىيلىرىمىزغا سەيمىل خانتىڭتوندەك «سەرخىل مېڭە»لەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ئەمەس، تاشلاندۇق ئەيش-ئىشرەتلىرى سىڭىپتۇ. نەپسى-خاھىشىغا ئەگىشىش ئەزەلدىن ھالاكەتكە باشلىغان. ياشلار ئارىسىدا مەلۇم چۈشكۈنلۈك شەكىللىنىپتۇ. بەزىدە ئويلاپ كېتىمەن: ئەجەبا، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، خۇددى «يەرلىك خورما» دەرىخى - تۆمۈر غوللۇق، كۈمۈش يوپۇرماقلىق، ئالتۇن مېۋىلىك جىگدە دەرىخىگە ئوخشاش يېقىملىق، قىرىق كاكۇللۇق، لىۋەن، ھايالىق، دىيانەتلىك، ئەفىفە (پاك) قىزلار نەگە كەتكەندۇ؟!... قارىغاندا بەزى نەرسىلەر مۇقاملىرىمىزدىلا قالغان ئوخشايدۇ.

بىزنىڭ بەزى شائىرچاقلىرىمىز ئىككى-تۆت تال شېئىر يېزىپ قويۇپ، ئىلھاملىرىنى «ۋەھىي» دەپ ئاتىۋېلىشىدۇ. (خۇدا ساقلىغاي). ئەمما ئاشۇ «ۋەھىي» ئىگىلىرى ئۆز خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدى؟ ئىلگىرىكى ئالىملار 30-40 يىل ئۈچ بۇرجەك بولۇپ ئولتۇرۇپ، جىنچىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرەلىگەندى. نەشرىيات بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىنتايىن نەپىس خەت نۇسخىلىرىدا پۈتۈپ چىقاتتى. ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تۇرمۇشىنى قامداپ، دېھقانچىلىقىنى قىلالايتتى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار يازغان ئەسەرلەر خەلقىمىزدە تا بۈگۈنگىچىلىك قەدىرلىنىدۇ؟ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزچۇ؟ جۇملىدىن سەللىلىك زىيالىيلىرىمىزچۇ؟ سەللىلىك زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا تېخى «تۆر مەسىلىسى»، «پىچاقنى ئوڭ تەرەپكە ئېسىش كېرەكمۇ، سول تەرەپكىمۇ» دېگەن مەسىلىلەر ھەل بولغىنى يوق.

دەپ ئۆتۈش كېرەككى، قازان بېشىدا چۆمۈچ تۇتقان رەھبەرلەرنىڭ كىچىككىنە ئىشلىرى، زىيالىيلارنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز گېپى ئاشۇ قەۋمگە نىسبەتەن كاتتا ئىش بولۇشى مۇمكىن. شۇندىلا ئۇلار يېگەن تۇزنىڭ قەرزىنى قايتۇرالايدۇ. مۇشۇ يەردە تۆۋەندىكى سوئال بىزنى قىستايدۇ: ئاشۇ بىباھا ئەمگەكچان، ئەزىز خەلق ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇنىڭ كوزىرى بولغان مەتبۇئاتلار قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يىغلىتالىدى، كۈلدۈرەلىدى، ھە بوپتۇ، ئازراق ئويلاندۇرالىدى. لېكىن ھەرىكەتلەندۈرەلىدىمۇ؟ بىر قارىسام زىيالىيلار قوشۇنى «ۋاگوننى لىڭشىتىش ھېيلىسى» (قاراڭ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان) نى ئويناۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە ژۇرناللارنىڭ سەركەردىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئۇ بىر قېتىملىق تەپەككۇر يېڭىلىنىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قاراڭ: دېھقانلار بۇ ژۇرنالنى ئاجايىپ قەدىرلەيدۇ، نەپىس بۇيۇم قاتارىدا ئاسرايدۇ، بىر-بىرىگە سوۋغا قىلىشىدۇ، توپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىشىدۇ... مۇھەررىر ۋە ئاپتورلارغا ئەجىرلەر نېسىپ بولغاي!

ئەمما دېھقانلارچۇ؟ ئۇلار ئۆز ئەمگەكلىرى تەسىرىدىن چىققان شەبنەمدەك پاك تەر تامچىلىرىدا سۇغۇرغان ئېتىزلىرىدىن چىققان مېۋىلىرىنى ئىنسانىيەتكە سۇنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئۇلاردىن يەنە باشقا نەرسە تەلەپ قىلالمايمىز.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى كومپيۇتېرنىڭ ئىش مەشغۇلات پائالىيىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. كومپيۇتېرنىڭ مېڭىسىدە قانچىلىغان ئۇچۇرلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېكرانىدا پەقەت بىر ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدىكى تاشقى مۇھىتمۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا غىل-پال ئەكس ئېتىپ، كۆڭۈل ئېكرانىنى ئاۋارە قىلىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ھەرخىل قىلمىشلار، چۈشكۈن ئىشقىي - پىراق كۈيلىرى، بەدئىيلىكتىن بەدئۆيلىكى كۈچلۈك تېلېفىلىملار بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى ئېلەشتۇرمەكتە.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكىدەك خىرىسقا تولغان يېڭى دۇنيادا رول ئوينايدىغىنى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدۇر. ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى: «...(بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز) نامىدا بىر كىتابنى ئىشلەپچىقىشنىڭ زۆرۈرلىكى كەمىنىگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ زوقىنى ئىلگىرىلەپ بىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 6-سان) دەپتۇ. ئەمما بۇ خىلدىكى ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي تەسىرى ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ بولماس، ئالدىرىمايمۇ بولماس!

تالانتلىق يازغۇچىمىز مەتتەمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئاستىدا روياپقا چىققان «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانىدىكى باش پېرسوناژ سۈپۈرگە ھەقىقەتەن تولىمۇ سۆيۈملۈك ئوبرازدۇر. ئۇنىڭ روھى ئەزەلدىن كۆكرەك قەپىسىگە پاتمايدۇ. شۇڭلاشقا ئېشىكىگە مىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. چۆللەرنى كېزىپ نۇرغۇن ئەللەرنى كۆرىدۇ. ئەمما ئۇ قايەرگە بارمىسۇن، ئۆز يۇرتىنىڭكىدەك مەدەنىيەت ئىقلىمىنى ئۇچرىتالماي، ئۇزۇن تۇرمايلا قايتىپ كېلىدۇ. («بىغەملەر شەھىرى» دېگەن ئىبارىدىكى «بىغەملەر» نوقۇل «غەمسىزلەر، ئەقىلسىزلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن. ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىنى تېپىپ، جايىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان جەننەتتەك يەردە غەم بولمايدۇ. بۇنىڭغا مەتتەمىن ھوشۇر ئەپەندى قانداق قارايدىكىن؟) شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆز ئىقلىمىغا بولغان مۇھەببىتى باشقىلارغا قارىغاندا مىسلىسىزدۇر. بەزىدە سۈپۈرگىنىڭ بۇ سەپەرلىرىنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتى تارىخىدىكى پىكرىي سەپەرلەرگە ئوخشىتىپ قالىمەن.

مەتبۇئاتلاردا: «... پالانى پوكۇنى تەمسىلنى لىڭشىتىپ ئىشەنچىسىز قىلىپ قويغان شائىر» (قاراڭ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان) دېگەندەك گەپلەرنى ئۇچرىتىدىغان بوپقالدۇق. بۇ گەپ ماڭا سەل بىمەنە بىلىنىدۇ. ئەجەبا، تالاي ئەسىرلەردىن بېرى لىڭشىماي كەلگەن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى-زە، بىر-ئىككى ئادەم ئىشەنچىسىز قىلىپ قويالىسا؟! شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاپتورلىرىمىز نېمە ئۈچۈن قەدىمىي چۆچەكلەردىن ئىلھام ئىزدەيدۇ، نېمە ئۈچۈن بىباھا ماقال-تەمسىللىرىمىزنى ماقالە-رىسالىلىرىنىڭ سۆز بېشى قىلىدۇ؟!... بىزدە «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن گەپ بار. توغراقلارنىڭ، يۇلغۇنلارنىڭ نەقەدەر قەيسەر ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. بىر تۈپ يانتاقنىڭ بىر تالال يوپۇرمىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىپايان چۆللەردە ياشىغانلىقى يىلتىزىنىڭ

نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يانتاق يىلتىزىنىڭ ئۆز غولىدىن نەچچە ئون ھەسسە چوڭ بولىدىغانلىقى بوتانىكلارغا سىر ئەمەستۇر. خەلق ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر. ئېمىنى تاللاشنى، نېمىنى شاللاشنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇ ماقالىنىڭ ھېلىھەم خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دادام تولىمۇ پەزىلەتلىك ئېسىل ئادەم، زېمىندەك كۆتۈرۈشلۈك ئادەم. ئۇ ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل. ئۇنىڭ كەمچىلىكى بار دېيىلسە، زىيادە ئاق كۆڭۈللىكى كەمچىلىكى بولۇشى مۇمكىن...

مەندە غەلىتە بىرخىل پىسخىك ھالەت بار. ئىچىم پۇشۇپ قالغۇدەك بولسا، موتسىكلىتىمنى ئالىمەن ـ دە، تاغلارنى، باغلارنى ئايلىنىمەن. سۈپسۈزۈك سۇلار، غەلىتە يوللار، دەل ـ دەرەخلەر، قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى... مېنى تولىمۇ جەلپ قىلىۋالىدۇ...

كېيىنكىلەرگە نېمىنى مىراس قالدۇرىمىز دېگەن تېماتەتقىقات دائىرىسىگە كىرىشى كېرەك. ئاشۇ قارا كۆزلەرنىڭمۇ نېسىۋىسى ـ ھەققى بار!

مەن ئادەتتە ناخشىلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. ئەمما، قايەرلەردىندۇر قۇلىقىمغا كىرىپ قالغان بۇ مىسرالار قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ:

ھەي ئەزىز يۇرتۇم سېنى كۈيلەيمەن،
ھەركۈنى ساڭا بەخت تىلەيمەن!...

## 4

ئىنسان كائىناتتىكى كۈللىي مەۋجۇداتنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرنى ئىنئام ئەتكەن. ئەينى دەۋردە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىلمى ۋە تەپەككۇرى ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سەجدىسىگە (ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس) نائىل بولغانىدى. گەرچە يەككە ئىنسان كائىنات ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسە بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى، تەپەككۇرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىمكانىيەتلەر ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ئېھتىماللىقلارنى قالدۇرغان. تارىختا پەيغەمبەرلەر يەككە ئىنساننىڭ قىممىتى ۋە ھىممىتىنى ئىپادە قىلىپ ئۆتكەنىدى.

تەقدىر ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرىلەر ئەزەلدىن بوپكەلگەن. بۇ، نوقۇل ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بولماستىن، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار شەرقى (بەلكى دۇنيا خەلقى) مەسىلىسىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، بۇ مەسىلە ھەل بولغان بولاتتى، مۇسۇلمان ئۈممەتلىرى مۇشۇ مەسىلە سەۋەبلىك نەچچە مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتمەس ئىدى. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە خاتالىقى بىزنى خېلى نەرسىلەردىن مەھرۇم ئەتمەكتە. تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدىكى بىر قاراش: «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى سوقۇپ، پىرىسلاپ چىقىرىدۇ، دېگەن قاراش بولۇپ، بۇ قاراش قەتئىي بىرتەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئىلگىرىكى بەزى يازمىلار بۇ خىل بىرتەرەپلىمىلىكنى بىر قەدەر ئىلمىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (مەسىلەن: ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 5 ـ سانىدىكى «ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر» ناملىق ماقالىسى ۋە ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ مەزكۇر مۇھاكىمىگە تولۇقلىما قىلىپ يازغان «‹ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر› نىڭ داۋامى» ناملىق ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 3 ـ سان). بۇھەقتىكى يەنە بىر قاراش بولسا ئاتالمىش «شۈكرىچىلىك» ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى تەقدىرگە دۆڭگەپ، ئۇنىڭدىن قېچىشتىن ئىبارەت.

تەقدىر مەسىلىسى ئۇنچە ئاددىي مەسىلە ئەمەس. بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇش كىشىنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما بىز ئۇنى ئۆزىمىزگە لايىق (بەندىگە لايىق) رەۋىشتە چۈشىنىشكە موھتاجمىز. مەن بۇ ھەقتە قانداقتۇر نەزەرىيە توغرىسىدا توختالمايمەن ھەم توختىلالمايمەن. بىرنەچچە ئاددىي بايانلارنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەن، خالاس:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق كېسەلـ نىڭ شىپاسى بولىدۇ» دېگەن. بۇ، سەۋەبنىڭمۇ مەلۇم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆمەر بىننىي خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا يۈرۈش قىپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇيەردە ۋابا كېسىلى تارقالغانىكەن. ئۇ، قوشۇننى قايتىشقا ئەمر قىپتۇ. شۇ چاغدا بىر كىشى سوئال قىپتۇ: «ئى ئۆمەر! ئاللانىڭ تەقدىرىدىن قاچامسەن؟» ئۆمەر بىننىي خەتتاب جاۋاب بېرىپتۇ: «ياق! ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن كېتىمەن».

شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىكى مۆھتەرەم ئۇستازىمىز داموللا ئابدۇلئەھەد بىننىي قۇربان ئەل ئىشراقىي ئۆزىنىڭ «تەقدىر مەسىلىسى ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيەت توغرىسىدا» (بۇ ماقالە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «تۇرمۇشىمىزدا‹ ئاللا ھەممە نەرسىنى ئالدىن پۈتۈپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ھاياتلىقتا كىشىلەرنى شۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مەجبۇرلايدۇ، كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، بەندىنىڭ قىلچە ئىرادىسى بولمايدۇ، ئاللا بىر كۈنى ماڭىمۇ ئاسانلىق بېرەر...› دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىزنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىمىزغا يامان تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە».

بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە خورمىنى چاڭلاشتۇرماسلىق تەكلىپىنى بېرىپتىكەن،،

شۇ يىلى خورما مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىپتۇ. كېلەر يىلى كىشىلەرنى خورما چاڭلاشتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ...

دېمەك، بىز «ئۆز تەقدىرىمىز قولىمىزدا» دېگەن قاراشنىمۇ، ئىنسانىيلىق مەسئۇلىيەتنى تەقدىرگە دۆڭگەپ قويىدىغان قاراشنىمۇ قوبۇللىمايمىز.

ئۇنداقتا بىزنىڭ قول-پۇتىمىز، تەپەككۇرىمىز ھاياتىمىزدا قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ ئىنسان ھاياتىدا تالاي ئىشلارنى قىلىپ ئۆلگۈرەلىشى مۇمكىن. تارىختا مەۋجۇد بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ شەخسلەر ئەمەلىيەتتە بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ئادەملەردۇر. ئۇلارمۇ تاماق يەيدۇ، ئاغرىيدۇ ھەم ئۆلىدۇ. شۇنىڭدەك بىزدىمۇ بەزى ئىمكانىيەتلەر بار. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ۋەھىي توككىدە كەپقالمىغان. ئۇ ئىلگىرى «ھىرا غارى»دا قىرىق يېشىغىچىلىك پىكرىي رىيازەتتە ياشىغان. ئېينشتېيننىڭ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان توڭلىتىلغان مېڭىسى بىزنىڭكىگە ئوخشاشلا ئاددىي مېڭە قېتىقىدۇر. مەشھۇرلاردىن يەنە كىملەرنى مىسالغا ئالىمىز. ئابدۇرېھىم دۆلەت ئۆزىنىڭ «ئىلىم كۆكىدىكى گىگانت چولپان» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا مېيىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇدىغان، نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى، «قارا ئۆڭكۈر نەزەرىيىسى ۋە يورۇق كائىنات نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم ستېفېن. خاۋكىڭ (Stephen. SW. hawking)نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. (ئابدۇرېھىم دۆلەت: «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، 210-بەت).

ئەلۋەتتە بۈگۈنكى دۇنيادا قول-پۇتىمىزغا قارىغاندا تەپەككۇرىمىز بەكرەك رول ئوينىماقتا. چۈنكى بۇ قەلەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىۋاتقان دۇنيادۇر. شۇڭلاشقا تەپەككۇرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. تەپەككۇرىمىزدىن پايدىلىنىش دېگەنلىك، نوقۇل يېڭى تەپەككۇر مېۋىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قول ئىلكىمىزدىكى تەپەككۇر خۇرۇچلىرىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش ۋە ئەمەل قىلىشمۇ تەپەككۇر پائالىيىتىگە كىرىدۇ. مەن قانداقتۇر ئىنسان تەپەككۇرىنى «ئىلاھ» دەپ قارىمايمەن. ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەلەيدۇ، دەپمۇ قارىمايمەن. ئۇ پەقەت كۈچى يەتكەن ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا تەپەككۇرىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن. تەپەككۇرىمىز ھەممە نەرسىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا رولىنى جارى قىلدۇرمىسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ئۆز چامى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشى پەرزدۇر ھەم قەرزدۇر!

گەرچە «بىرىنچى ئۇستاز» ئارىستوتېلدىن ئەينى چاغدا يەرشارى ھەققىدە سورىساق، يەرشارى ياپىلاق شەكىلدە، ئۇنى ئۆكۈز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۆكۈزنى بېلىق، بېلىقنى سۇ، سۇنى شامال كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دېمىگەن تەقدىردىمۇ، يەرشارىنىڭ يۇمىلاقلىقى ھەققىدە «لى-مى» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى يەرشارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئىسپاتلاش ماگېللاننىڭ يەرشارىنى ئۆز كېمىسى بىلەن بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققىنىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئاي شارىغا چىقىپ يەر شارىغا قايتا نەزەر سالغىنىدىن كېيىنكى ئىش. دېمەك، بەزى مەسىلىلەردە ئادەمدىكى «ئۈچىنچى كۆز» نىڭمۇ ئامالى يوق. ئۇ پەقەت كۆرەلىگەنىنىلا سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ئارەستومۇ: «بەلگىلىك ئېگىزلىكتىن قويۇپ بېرىلگەن بىرى ئېغىر، بىرى يەڭگىل جىسىمدىن ئېغىرى بالدۇر چۈشىدۇ» دېگەن خاتا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانغۇ؟

ئىلگىرى مەن چوڭلارنىڭ گېپىنى مۇقەددەس بىلەتتىم. ئۇلار كىمنى «ياخشى» دېسە مەنمۇ شۇنداق چۈشىنەتتىم. بۈگۈن چوڭ بولۇپ، ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئىشلىرىمدا گۆدەكلىكنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتمەكتىمەن. ئىلگىرى «مېنىڭ تەپەككۇرۇم»نىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (بەلكىم ھازىرمۇ ئۇنداق دېگىلى بولماس!) قارىغاندا، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك. بىز ئىزدەۋاتقان «شەبى قەدىر» پىكرىي مۇستەقىللىق، پىكرىي ھۆرلۈك بولسا كېرەك.

بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: ئافاقخوجا باشچىلىقىدىكى سوپى-ئىشانلار: «بىزگە قول بەرمىسەڭ جەننەتكە كىرەلمەيسەن»، «ساۋاتسىزلىق سۈننەت!» دېسە، «ھەق!» دەپ تۇرغان زادى قانداق تەپەككۇر؟!...

مەندە بىر خىل غەلىتىلىك بار. گاھىدا ئاجايىپ ئۈمىدلىنىپ كېتىمەن، گاھىدا ھاياتتا پەقەت پۇرسەت قالمىغاندەك، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ھاياتتا بىر نەپەس ئالدانغاندەك، بىر قەپەس يېڭىلگەندەك تۇيغۇدا بولىمەن. گاھىدا بولسا ئاجايىپ رومانتىك خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن... ئەلۋەتتە بۈگۈنكىدەك دۇنيادا يىغلىساقمۇ، كۈلسەكمۇ ئاقمايدۇ. چوقۇم بىزدە دەرمان بولۇشى كېرەك. كىشلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغايدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ غالىبلىق! شۇ چاغدا دۇنيا ئالدىمىزغا ئۆزى كېلىدۇ. بەلكىم بۇ ھاياتىم مارافونچە يۈگرەشتۇ، تېخى نەتىجە چىقمىغاندۇ. مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيالمىسام نېمە بوپتۇ؟! بۇنىڭلىق بىلەن ئىلمىنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىلىپ كەتمەس! (مەكتىپىمدىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بەرگەنلەردىن پەقەت مەنلا ئۆتەلمىگەنىدىم). ئاشۇ يادلاش قىيىن بولغان سۆزلۈكلەرنى كۈندە ئۇندىن يادلىيالمىسامۇ، بەشتىن يادلارمەن.

ھايات پۈتۈنلەي پۇرسەتلەرگە تولغان ئەمەس، شۇنداقلا مەھرۇممۇ ئەمەس! ئەينى دەۋردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن) ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام)نى ھېچقانداق بىر گىياھ ئۈنمەيدىغان ۋادىغا تاشلاپ قويۇپتۇ... ھازىر بولسا مەككە مۇكەررەمەنىڭ مەرمەردەك كوچىلىرىدا پۇل ئۇچۇپ يۈرمەكتە... توپان بالاسىدىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئازغىنە ئىنسانلار يەر شارىنى قايتا قۇرۇپ چىقىپتۇ... مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئالتە ئاي ۋاقىتتا ئۇن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغانىكەن.

بەزىدە ئىشلىرىمنى تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈشىگە ئوخشىتىمەن، تەپەككۇرۇمغۇ ئۆتكۈر، لېكىن مەن پىكرىي رىيازەتتە بەك ھورۇن، كۆپىنچە «تاشپاقا»لارمەندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىز ئىنسانلار ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈنچۇ؟ ھەتتا ئۆز ھاياتىمىزدا قانچىلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالىدۇق؟ بۇ جەرياندا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز قانچىلىك رول ئوينىدى؟ بىزدە: «كاللا ئىشلىمىسە پۇت-قولغا ئارام يوق» دېگەن گەپ بار. دىققەت قىلمىساق، جۇۋازغا قېتىلغان كالىغا ئوخشاش بىر جايىنى ئايلىنىپ قالغۇدەكمىز. بىز مۇئەللىپلەرنىڭ بىرنەچچە يىل ھەتتا بىرنەچچە ئون يىل رىيازەت چېكىپ يازغان كىتابلىرىنى بىرنەچچە سائەت، بىرنەچچە كۈندە ئوقۇپ بولۇشىمىز تامامەن مۇمكىن. ئۇلارنىڭ پىكرىي تەلقىنلىرىنى ئۆز تەپەككۇرىمىزنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم بىز شۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئۈلگە ئالالىشىمىز مۇمكىن. ئۆز ھاياتىمىزدا، تەپەككۇرىمىزدا يېڭىلىق ۋە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالىشىمىز مۇمكىن. قىسقىسى، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز، بىزنىڭ بۇ قول-پۇتىمىز ئاددىي ئەمەس!

نەزمە:

دېمىگىن مەڭگۇ ئەبەد: «ئەسلىمۇ بار ۋەسلىمۇ ھەم!»
بولىدۇ ئايان يىگىتنىڭ ئەسلى ھوسۇل پەسلىدە. (قاراڭ: ئابدۇقادىر داموللام: «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبىياتنىڭ مۇقەددىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى)

دەيدىغىنىم: ئەي ئىنسان! ئۆزۈڭنى سۆيگىن، ھەقىقىي سۆيگىن! تەپەككۇر بۇرجىدا جەۋلان قىل، ئەمەلىيەت سەتھىدە سەيلان قىل!

## خاتىمە

ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى بىزگە ۋەھىي كەلمەيدۇ. تەپەككۇرىمىزنى بېيىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش. بۇ رىسالەمنى تۆۋەندىكى پارچە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

«ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇشتا ئەقىل ئۈچۈن ئوزۇق باردۇر. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇشتا زامان، ماكان پەرقلىرىنى يوقىتىش باردۇر. ئۇ ئارقىلىق بىز بارچە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ياشىيالايمىز، ئۇلار قايەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. ئوقۇيمىز، چۈنكى ئوقۇشتا تەجرىبە بۇلاقلىرى باردۇر... ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئارىسىدا ساياھىتى باردۇر... ئوقۇش بىزنى ئۇپۇقلىرى تار ئالەمدىن ئۇپۇقلىرى كەڭ ئالەمگە ئاپىرالايدۇ... ئوقۇش زامان پاسىللىرىنى، جۇغراپىيىۋى چېگرىلارنى، ئىجتىمائىي پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ... ئوقۇرمەن ھەر بىر ئەسىردە، ھەربىر پادىشاھلىق، رايون، شەھەرلەردە ياشىيالايدۇ... ئالىملارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھاياتلىرى ئوقۇرمەننىڭ بىرنەچچە دەقىقىسى بوپقالىدۇ...» («ئەرەب تىلى دەرسلىكى» 2-قىسىم، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى تۈزگەن).

2004-يىل 6-ئىيۇل، شەھىرى ئاتۇش

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۇلۇغ ھويلا مەھەللىسىدە، دېھقان (M1)

بۇ سان 2004-يىل 10-ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 1-نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# داغدام يوللاردىكى كۆرۈنمەس داۋانلار

ـ ياش ئاپتور ۋە ھەۋەسكارلار بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى

## مۇھەممەتجان راشىدىن

**سوئال :مۇھەممەتجان ئاكا ،بۇلتۇر 13ـنويابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار جەمئىيىتى سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىڭىزنى ئۆتكۈزدى . سىزگە تون كىيگۈزدى ، ئات مىندۈردى ،قانداق تەسىرات ئالدىڭىز ؟**

جاۋاب :ياخشى گەپكە كىم خۇشتار ئەمەس دەيسىلەر ؟ !لېكىن بۇنداق يىغىننىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى يالغۇز مېنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنىڭ ئاخىرقى يالقۇنلىرىنى ئۇلغايتىپلا قالماستىن ،پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ زۆرۈر رول ئوينايدۇ .بۇنى مەن ، ئەلۋەتتە ، سىپاگەرچىلىككە (ياسالمىلىققا )ئادەتلىنىپ قالغان تىل بىلەن دەۋاتقىنىم يوق ،ھەقىقىي خۇشاللىق

## ئەدىبلەر جانجالىسى

بىلەن دەۋاتىمەن .چۈنكى ، قەدىرلىنىشتىن خۇشال بولۇش ئىنساننىڭ تەبىئىتى .

بىزنىڭ ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى ئەنىسىز مۇھىتتا قانچىلىك خارلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى ھازىرقى ياشلار ياخشى بىلمەيدۇ .ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇ چاغدا ئۆلگەن ئەدەبىيات بوپقالغانىدى . ئەدەبىيات پەقەت ئىسلاھاتتىن كېيىنلا تىرىلىپ ، چىرايىغا قان يۈگۈردى .بىراق ، بىزدە ھېلىغىچە «ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنى»يوق . بۇنى ئويلىساق يەنىلا دەككە-دۈككە بولۇپ تۇرىمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات-سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قويۇق ۋە داغدۇغىلىق ئېچىلىپ ، پائالىيەتلەر جانلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بازار ئىگىلىكى جانلانغاندىن كېيىنكى يىللاردا گېزىت-ژۇرناللار ،شەخسلەر ئۆزلىرى تىرىشىپ تەسىس قىلغان بىر نەچچە خىل مۇكاپاتلىق پائالىيەتلەردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى . تەدبىرلىك ،جىگەرلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدەبۇ بىرخىل پاسسىپلىق ئىدى . دەل مۇشۇنداق چاغدا ،

زۆرۈر دەپ قارالغان ئىجادىيەت تۆھپىكارلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىش ـ ئەدەبىياتتا يەنە بىر جانلىنىش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى . بۇ بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر خىل شەكىلۋازلىق ۋە مودىدەك تۇيۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمەلىي ئۇنۇم ۋە زۆرۈرىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس . ئەقلىغە مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى ھەقىقىي تۆھپىكارلارنىڭ نىشان قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقىغا باغلىق . پېقىرنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ھەرگىز ئۆزۈم تەلەپ قىلغان ئىش ئەمەس . بەلكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇلشۇۋاتقاننىڭ ئۇستىگە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن مەرىيەم ساقىم ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن سەلىمە ئابدۇلھەق كامال قاتارلىق زىيالىي ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى ئورۇنلارغا سۇنغان تەكلىپىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ئىش . مەن ئۇلارغا ۋە يىغىن ئۈچۈن 10مىڭ يۈەندىن 20مىڭ يۈەن تەقدىم قىلغان غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تىجارەت ۋە خىزمەتتىكى دوستلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتىم . يىغىنغا بولغان پوزىتسىيە ۋە قاراشلىرىمنى ئايرىم ماقالىدا بايان قىلدىم . دېمەك ، مەن قەدرىمنى تاپتىم ، قەلىمىم قەدرىنى تاپتى .

روس يازغۇچىسى نىكولاي ئوستروۋىسكىنىڭ «كىشى دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ . . .» دېگەن ئاقىلانە سۆزى بار . خەلق نەزىرىدە ئازراق بولسىمۇ ئەھمىيەتلىك ياشىدى ، دەپ قارالغانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تەبرىكلەپ قويۇش ھەرگىز ئارتۇقچە ئىش ئەمەس . يەنە كېلىپ ئۇنى كىچىكتۈرۈپ سۆرەپ كېتىدىغانمۇ ئىش ئەمەس . بىزدە بىرەر شەخسنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان يىغىنلارنىڭ ئادەتكە ئايلىنىشىمۇ ئاسانغا چۈشۈۋاتقىنى يوق . كونا «ئەمر-مەرۇپ ، نەھى-مۇنكىرلەر»نىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى ساقىندىسى ھەمىشىلا (بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە) قورقۇنچ ـ ۋەھىمىلەر پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇ توسقۇنلۇق شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ . بۇ جەھەتتە ئۈششۈك تەگكەن ، سۆگەل چىققان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس . ھېلىمۇ ئېسىمدە : 1990-يىللاردا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۈزى ئوتتۇرا مەكتىپى شائىر توختاش بەكرىنىڭ دەرسلىكتىكى ئەسەرلىرىنى ئۆتۈشكە بىرلەشتۈرۈپ بىر پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغان . جۈملىدىن شائىرنى تەكلىپ قىلىپ ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئۆتمۈشتىكى بىر قارا يېتىملىكتىن پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدە باشپانالىق ۋە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بۈگۈنكى سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە تەسىرات سۆزلەتكەنىدى . ئەپسۇسكى ، مۇشۇنداق بىر ياخشى پائالىيەتمۇ ئەتىسىدىن باشلاپ بەزى يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ قاتمال نۇقتىئىنەزەرىدە

تىرىك شەخسلەرنى خاتىرىلەپ گەۋدىلەندۈرگەن خاتا ھەرىكەت بولۇپ تەكشۈرۈلدى . گەرچە سۆزلەنگەن سۆز تېكىستى ، ئوقۇلغان ماقالىلاردىن تارتىپ تەكشۈرۈلۈپ ، ئاخىرىدا ھېچقانداق خاتالىق ، سەۋەنلىكلەر سېزىلمىگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنە ھېلىقىلارنىڭ نەزىرىدە «ئەرزىمەيدىغان ئادەملەرنى مۇنبەرگە چىقىرىش» ھېسابلىناتتى . دېمەك ، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭى تارىخىي شارائىتتىمۇ ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل پۇتلىكاشاڭلار بولۇپ تۇردى . بۇ ، بىر جەريان ئەلۋەتتە . ھازىر تۆھپىكارلارنىڭ ئالاقىدار خاتىرە يىغىنلىرىغا ، رادىئو-تېلېۋىزىيىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىغا ، باھا-بايانلىرىغا ، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئوبزورلىرىغا ئاساسەن ھېچكىم پۇتلىكاشاڭ بولمايدىغان بولدى . مېنىڭچە ، بۇ بىر خىل ئازادىلىك ، بۇنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك . چۈنكى زاماننىڭ يۈزلىنىشى تېخىمۇ ئازادىلىككە قاراپ كېتىۋاتىدۇ .

**سوئال : بۇلتۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى» غائىبلىدىن سىزنىڭمۇ ماتېرىيالىڭىز يوللىنىپتۇ ، دەپ خۇشھال بولۇۋىدۇق ، كېيىن قارىساق ، مۇكاپاتلانغان 100كىشىنىڭ ئارىسىدا سىز يوققۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟**

جاۋاب : مەن بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك . ئادەتتە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئانچە ئىشتەي ساقلاپ كەتمەيمەن . بەش قول ئوخشاش بولمىغاندەك تۈرلۈك مۇكاپات ـ باھالاشلاردىمۇ ئېگىز-پەسلىكنىڭ بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئىش . ھەقىقىي ئەدىب مۇكاپات ۋە شۆھرەت ۋەسۋەسىسىدىن خالىي ھالدا قەلەم تەۋرىتىدۇ . ئۇنىڭ قىممىتى بىرەر-ئىككى قېتىملىق مۇكاپات بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ . ئۇنىڭسىزمۇ ماڭا جەمئىيەتتە مۇكاپاتلار ئاز ئەمەس .

گەپ توغرا كەپقالغاندا دېگەچ كېتەي : بۇيىل 25-مايدا غۇلجا شەھەر21-ئوتتۇرا مەكتەپ مېنىڭ تولۇقسىز 1-يىللىقلارنىڭ ساپاماتارىپى دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن «باللار» دېگەن شېئىرىمدىن ئوچۇق دەرس ئۇيۇشتۇردى . دەرس جەريانىنى سىنئالغۇغا ئالدى . تەكلىپ بويىچە دەرسكە مەنمۇ قاتناشتىم . ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئاسىيەم دەرسكە ساپا ماتارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە يېتەكچىلىك قىلدى . مەن دەرس تىڭشاۋېتىپ ، دەرسخانا مۇنبىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە (دوسكا يېنىغا) چاپلانغان ، مەخسۇس باللارنىڭ مۇشۇ دەرس ئۇستىدىكى چۈشەنچە ، تەسىرات ۋە قاراشلىرى چاپلىنىدىغان بىر تام گېزىتىنى كۆرۈپ قالدىم . گېزىتنىڭ بېشىدا مەخسۇس ماڭا بېغىشلانغان :

بەخت تىلەپ دېھقانغا تاڭ يىغلىدىڭ يىغىنى ،
ئاتمىش تۈتە گۈل قىلدىڭ ھاياتىڭنىڭ بېغىنى .

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىر تۇراتتى. ئوقۇپ بولۇپ، ھاياجانلانغىنىمدىن كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى. مەن گويا شۇ تاپتا كاتتا بىر مۇنبەردىن مۇكاپات ئېلىۋاتقاندەك ئىچكى خۇشاللىقنىڭ زىلزىلىسىدە قالغانىدىم.

شۇ تاپتا، بۇ يىلقى يەنە بىر ئىش يادىمغا كەپقالدى: 23-ئىيۇندا نىلقا ناھىيىسىنىڭ سۇپتاي يېزىسىغا، ئېغىر يىللاردا مەن بىلەن تەقدىرداش بولغان بىر مويسىپىت دېھقاننى يوقلاپ باردىم. بىز بىرنەچچەيلەن ئىدۇق. چۈشتىن كېيىن داستىخان يېغىشتۇرۇلۇپ، كەڭ ھويلىدا ھەممىمىز قىزغىن سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىزلا تاشقىرىدىن چۇقان سېلىپ كىرىپ كېلىۋاتقان غازلاردەك بىر توپ ئايال كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى دېھقان ئاياللار ئىكەن. ماڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سۆزلەپ كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بىزنىڭ شائىرىمىز كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كىرىپ كېلىۋاتىمىز، چاقىرمىساڭلارمۇ كىرىۋېرىدۇق.

— سىراجىددىنكا، نېمىدېگەن جىمغۇر بوۋايسىز؟ بىزنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ بىزنىڭمۇ قوي سويغىچىلىكىمىز بار!

— ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن، مانا سۈرەتكە چۈشۈۋالىدىغان بولدۇق. كېلىڭلار، تىزىلىڭلار!.. . مۇھەممەتجان دېگەن ئاۋۋال بىزدەك ئانىلارنىڭ شائىرى!...

مەن پەقەت سالاملىشىشنىلا بىلىمەن، يەنە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇلار ئالدى يەتمىشتە، كەينى قىرىق ياشتىكى ئاياللار ئىدى. ئۇلار بىر ھازاغىچە مېنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ سۈرەتكىمۇ چۈشۈشتى①. ساھىبخان ئۆيگە باشلىدى. بىز يېرىم سائەتچە بىر پىيالە چاينى تەڭ ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتۇق. ياشانغان بىر ئايال ئالاھىدە مېنىڭ سالامەتلىكىمنى سورىدى؛ ساۋاتلىق بىر ئايال مېنىڭ دېھقانلار ھەققىدىكى شېئىرلىرىم ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. مەن خەلقىمىزنىڭ ئۆز شائىرلىرىنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم ۋە بىر دانانىڭ «ئۆز ھاياتىنى باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدە قالدۇرالىغاندىلا ئۆمۈر بىر ئاز ئۇزارغاندەك بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئەسكە ئالدىم. مەن گويا ياشايدىغانغا يەنىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر تاپقاندەك قىلاتتىم.

ئويلاڭ، بىر ئەدىب ئۈچۈن يۇقىرىقىلاردىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بولامدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئولتۇرسا- قوپسا مۇكاپاتنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرۈش بىر خىل ئىنسابسىزلىق، جوتلۇق، قانائەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟

**سوئال: سىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. چۈنكى سىز بۇنى كۆپرەك تەكىتلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ بىرى؟!**

جاۋاب: ئۇ «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەن بۇ قانۇن ئىلمىنىڭ ئەھلى ئەمەس، پەقەت ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى، ئىجادكارلارنىڭ ئەمگىكىنى قوغداشقا خىزمەت قىلدۇرساق، بۇ ساھەدە بىر خىل تەرتىپ ئورنىتىلاتتى، دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى. «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا 14 يىل بوپقالدى. بۇلتۇر رەسمىي يولغا قويۇلىدىغان مۇكەممەل نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. خەنزۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىغىنىغا خېلى بولدى. بىزدە بولسا، ئىشلار ئىلگىرىكى سەنئەم بويىچىلا كېتىۋاتىدۇ. مۇھىمى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۇنى ئاممىا بىلەن قويۇق ئۇچراشتۇرۇش قىزغىنلىقى يوق. مەسىلەن، مەن ياشاۋاتقان ناھىيىدە ئىدارە- جەمئىيەت ئورۇنلىرى پات- پاتلا داقا- دۇمباق چېلىپ، پلاكاتلار ئېسىپ، بىر تالاي ماددىي تەييارلىقلار بىلەن كوچىلارغا چىقىپ ھەرخىل قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. لېكىن «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى»نى مۇشۇكەمگىچە تەشۋىق قىلىپ باققان بىرمۇ كىشى، بىرمۇ ئىدارە يوق. ھەتتا بەزى مەدەنىيەت- تەشۋىقات تارماقلىرىدىكى بىزنىڭ مىللىي خادىملىرىمىز بۇنداق قانۇننى تېخى كۆرۈپمۇ باقمىدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىش. بۇ قانۇننىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتى مەن مىڭبىر مۇشەققەتتە تەرجىمە قىلىپ چىققان فرانسىيە يازغۇچىسى گ. دەككارنىڭ «622- مەھبۇس» ناملىق كىتابىنىڭ باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلان (نەشر) قىلىنىپ، مېنى ھېچنېمىگە ئىگە قىلدۇرماي ئازابلاپ يۈرگەن چاغلارغا توغرا كەلدى. بۇ قانۇن ماڭا ئوخشاش قوي بېقىپ بۆرىگە ئالدۇرۇپ قويۇپ داغدا قالغانلارنىڭ ئارقا تىرىكى، كۈچلۈك قورالى ئىدى. مەن بايىقىدەك قانۇنسىزلىقنىڭ ئاچچىقىنى بالدۇر تېتىغاچقا، مەندىن كېيىنكىلەرنىڭمۇ قويمىچىلارغا قويۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ قانۇننى قەلەم ۋە ئاغزىم ئارقىلىق ھەممىلا يەردە تەكىتلەپ يۈردۈم.

ھازىر سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بۇ يېڭى شەيئىينى ئىگىلىشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەشۋىقاتى كۈچلۈك بولمىغاچقا، بۇ ئەھۋال ئەسەر قويمىچىلىرىنىڭ، ئوغرىلىرىنىڭ يۈرىكىنى يوغىنىتىۋەتتى. شۇڭا بەزىلەر مەدەنىيەت بازارلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ئۈن- سىن بۇيۇملىرىنى (مەھسۇلاتلىرىنى) ئوغرىلىقچە كۆپەيتىپ سېتىپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ؛ بەزى ناخشىچىلار

① مەزكۇر سۈرەت بىر تۈركۈم شېئىرلار بىلەن «ئىلى گېزىتى»نىڭ بۇ يىلقى 3- ئاۋغۇست سانىغا بېسىلىپ چىقتى.

باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوغرىلاپ ياكى ئىجازەتسىز ئىشلىتىۋاتىدۇ ،چەت ئەللەرنىڭ ناخشىلىرى (ئاھاڭلىرى )نى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى قىلىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ ؛باشقىلارنىڭ ناخشا تېكىستلىرىگە داۋاملىق سوغۇق قول سېلىۋاتىدۇ ؛دەرسلىك كىتابلاردىن ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ نامى قوپاللىق بىلەن چىقىرىۋېتىلىۋاتىدۇ ؛تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرى «تەلەپ-تەقدىم» ، «تەلەپ ئېكرانى» ، «تەڭرىتاغ گۈلزارى »قاتارلىق تىجارەت خاراكتېرىدىكى پروگراممىلىرىنى «ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنى »غا ماسلاشتۇرمايۋاتىدۇ ؛ تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەن ئاپتورلارنىڭ مۇناسىۋىتى يۇقىرىقى قانۇندا كۆرسىتىلگەندەك شەكىللەنمەيۋاتىدۇ ۋە باشقىلار .مانا بۇلار بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ قانۇنلىشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ .

قانۇن دېگەن ھەم ھەققانىيەتنىڭ قۇدرىتى ،ھەم ئىلغار ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى . قانۇن بار يەردە قايسىبىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان بىچارىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ ؛ مەنسەپدارنىڭ ئۈزۈمچىلىكى ،پۇلنىڭ بوزغۇنچىلىقى كۈچ ئېلىشالمايدۇ ؛ قانۇن باشباشتاقلىق قىلالمايدۇ .گەپ ئۇنىڭغا ئىزچىل تايىنىشتا ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشتە .

ھازىر «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» كونتەرتېپكە ئۆتتى .مېنىڭچە ،بۇنداق ئۇگۇشلۇق ۋەزىيەتتە «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»مۇ ئىجادىيەت ھوقۇقىنى قوغداشتا ھامان ئۆزىنىڭ قۇدرەت ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ .گەپ ھەممىلا تەرەپنىڭ تەڭ چىڭ تۇتۇشىدا .

**سوئال : سىز بۇلتۇر شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پروگراممىسىدا بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ توختاپ قالغانىدىڭىز . بۈگۈن مۇشۇ ھەقتە ئەتراپلىقراق بىرنەرسە دەپ بەرگەن بولسىڭىز ؟**

جاۋاب : سىلەر ھەقىچان «بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز »دېگەندە ، ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ خىرىسقا ،تەھدىتكە دۇچ كېلىپ ، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ،قالالماسلىقتەك تەقدىردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىسىلەر .بۇ ئەھۋال بەش - ئون يىل ئىلگىرى ھەقىقەتەن غەم قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى ،ھازىر خىلى بېسىلىپ قالدى ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىسى .مەنىۋى مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ھېچقايسى تەركىب ناخشىلاردەك جەلپكار ۋە تەسىرچان بولمايدۇ . ئۇ ، مىللەتنىڭ خاسلىقىنى ئەڭ روشەن دەلىللەيدىغان ئەنئەنىۋى بەلگە . دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ناتونۇش مىللەتتە ناخشىلا بولىدىكەن ، ئۇنىڭ قەدىمىي ، تارىخىي مىللەت ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز .ئۇيغۇر ناخشىلىرى مىللەتنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت تەۋەررۇكلىرىگە ئوخشاش تەرەققىي قىلىپ ،بېيىپ كېلىۋاتقان سەنئەت . ئۇ ، سان-ساناقسىز ئىجادكارلارنىڭ گۈزەللىك تۆھپىسى . ئۇيغۇر ناخشىلىرى يېڭىلىقنى ئەسلا چەتكە قاقمايدۇ ، ئەمما ئۇ ئۆز خاسلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايدۇ .ناخشىلىرىمىز ئۈستىدىكى ئىجادىيەت ھامان مىللىي خاسلىقنى شەرت قىلىدۇ . بۇنىڭدىن چەتنەش ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ،ئۇنى تارىخىي ئىزىدىن چىقىرىدۇ ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ . ئۇ جەمئىيەتكە سىڭمەيدۇ ،خەلق قوبۇل قىلمايدۇ ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ خۇددى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالغان بوۋاقلاردەك ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ . ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن «دۇنياغا يۈزلىنىش »شوئارىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئىجاد قىلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم ئاتالمىش يېڭى ناخشىلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر .

ھازىر ، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا تارقىلىۋاتقان بىر قىسىم ئىجادىيVCD پلاستىنكىلىرى بىزنىڭ مىللىي ناخشىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىل ، گۈزەل قۇرۇلما ،قويۇق تۇيغۇ ،شېرىن پۇراقلىرىغا جىددىي بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، ئىجادىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتىدۇ ، ناخشا ئىجادىيىتىنى خەتەرلىك كېچىككە سېلىپ قويۇۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى مۇنداق ناتونۇش ،يات يۈزلىنىشكە بۇراشنىڭ ھېچقانداق نەزەرىيىۋى ئاساسى يوق . ئۇلار دەۋرنىڭ يېڭىلىققا يۈزلىنىشىدەك مۇقەررەر روھىغا ئاڭسىزلارچە ئېسىلىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ «ئەنئەنىدىن ئاساسسىز ۋاز كېچىش»تەك بىمەنە قىلىقلىرىنى ئەنە شۇ يېڭىلىق تونى بىلەن پەردازلىماقچى ۋە يوشۇرماقچى بولىدۇ . شۇئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتمەكچى بولغان پاراكەندىچىلىكلىرىنى ھەققانىيلاشتۇرماق بولىدۇ . ئىقتىسادىي ئىنقىلابنىڭ پۈتكۈل ئۈستىقۇرۇلمىغا ئەكېلىدىغان مۇقەررەر تەسىرىنى يادىغا ئالغان بەزى كىشىلەر ئۇ قانۇنىيەت (مۇقەررەرلىك )نى ناخشا ئىجادىيىتىدىكى بايىقى ئاتالمىش «ئىنقىلاب »قا تەتبىقلاپ ،ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ناخشا ئىجادىيىتىگىمۇ جەزمەن ئاشۇنداق ئۆزىنىڭكىدىن ۋاز كېچىش ئۆزگىرىشى ئەكېلىدۇ ، دېگەن يەرگە كەلدى .ئەپسۇسكى ، ئۇلار جۇڭگودا جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھېچقانداق ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى كۆرۈلمەي تۇرۇپمۇ ، ناخشىلىرىمىزنىڭ ئاللىقانداق مۇقاملاردا چېكرا ئاتلاپ مۇناسىۋەت قىلىپ قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالمىدى . دېمەك ، شالغۇت ، غەيرىي ۋە ئەجنەبىيچە ناخشىلارنىڭ

مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى بىلەن ئۇنچىۋالا بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ، مەن قايسىبىر ماقالەمدە ئېيتقىنىمدەك، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، «دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش» نىڭ داغدۇغىسى بىلەن كىرىپ كەلگەن چەتئەللەر چالغۇلىرى بىلەن چەتئەللەر ناخشىلىرىنىڭ تارقىلىش قەدىمى بىزنىڭ سولاقتا ياتقان ئەنئەنىۋى ناخشىلىرىمىزنىڭ ئازاد قىلىنىش قەدىمىدىن ناھايىتى بالدۇر بوپكەتكەنلىكىنى سەۋەب قىلىدۇ. چۈنكى، 1980-يىللاردا تۇغۇلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ بالدۇر ئاڭلىغىنى ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئەمەس، بەلكى دىسكو ئۇسۇلى بىلەن گىتار، دۇمباق ۋە بايىقى غەيرىي ناخشىلاردىن ئىبارەت بولدى.

گەرچە، كېيىنكى بەش - ئون يىل ئىچىدە دۇتار، تەمبۇر، راۋابلىرىمىز قايتا سەھنىگە چىقىپ، ناخشىلىرىمىز يەنە تۆردىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بايىقى ياۋايى ناخشىلار بىلەن بازارنى قالايمىقان قىلىپ كېلىۋاتقان، بىزدىن تاماشىبىنلارنى تالىشىۋاتقان خىرىسمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى يەنىلا ئاز ئەمەس. ئۇلارنى قانداقتۇر «كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېھتىياجى» دېگەن تەبىرنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىپ، كەڭ ياشلارنىڭ ئىلكىگە تاشلاپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلىمىگەندە، ئاخىرى بىر كۈنى مىللەتنىڭ چىرايلىق ناخشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

شالغۇت ناخشىلارنىڭ ئىجادكار ۋە ھىرىسمەنلىرى، مېنىڭچە، بىرمەزگىللىك قارامىلارچە قىزغىنلىقىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئەجنەبىيچە مۇزىكا ۋە چالغۇلارغا قارىغۇلارچە بېرىلگەنلەرنى قەلبى زەھەرلەنگەنلەر، تەسىرگە ئۇچرىغانلار، دەپ ئاتاشمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتى سۇس، مىللىي ناخشىلارغا نىسبەتەن ۋارىسلىق ئېڭىدىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەتىمال، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى بىلمەيدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەلبىنى داۋالاش كېرەك.

**سوئال: ئاڭلىساق، ياش ۋاقتىڭىزدا چالغۇچى ئىكەنسىز، كېيىنكى يىللاردا كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدىغان نۇرغۇن ناخشا تېكىستلىرىنى يازدىڭىز. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاياتى سەنئەت، بولۇپمۇ ناخشا-مۇزىكا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بىز سىزنى ناخشىلىرىمىزغىلا ئەمەس، ناخشىچىلىرىمىزغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايمىز. مۇشۇ ھەقتىكى كۆزىتىشلىرىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ باقساق؟**

جاۋاب: ناخشىچىلىرىمىزغا كەلسەك، گەرچە كېيىنكى يىللاردا بىزدە بىر تۈركۈم ئايال ناخشىچىلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىزدە يەنە بىر تۈركۈم ھەقىقىي ناخشىچىلارنىڭ كەملىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. بۇيەردە مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئەر ناخشىچىلار ئىكەنلىكى ئېھتىمال. سىلەرمۇ بىلىپ بولدۇڭلار. چۈنكى بىزدىكى ئەر ناخشىچىلار ئايال ناخشىچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. ھەقىقىي ئۆلچەملىك ئەر ناخشىچىلارغا تېخىمۇ كەمبەغەلمىز. مۇنداق دېسەم بەزىلەر: گېزىت-ژۇرناللارغا تەزكىرىلىرى يېزىلغان، ماختاپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىن نېرى بولمايدىغان ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، شامىل شاكىر، زاھىر بورھانلارنى تەئەججۈپ بىلەن يادىغا ئېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۇلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى دەۋر بىلەن ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭى دەۋر ئورنىنى ئالماشتۇرغان ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ تۆھپىكارلىرىلا بولۇشى مۇمكىن، ھەرگىز ۋايىغا يەتكەن ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىچىلىرى ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەر ناخشىچىلىرى دەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ناخشىچىلىقنىڭ تەبىئىي ئۆلچەملىرىنى تولىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولىمىز. ھەقىقىي ناخشىچىنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پاكىز، ساپ، سۈزۈك تەبىئىي ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىدە بولىدۇ. ياڭراق، تۇغما نەپىس ئاۋاز ئىگىدارى بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى ئورۇنداش ماھارىتىدە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ زۆرۈر ئەگىتمىلىرىدىن چىرايلىق ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بۆلۈك-بۆلۈڭلىرىنى سۈپۈرۈپ (يوقلاپ) چىقىدىغان ئالاھىدە كارامەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ناخشىچىلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ناخشىلارلا يېقىملىق ۋە گۈزەل بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئۆلچەملەرنى ئېتىراپ قىلىدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا بىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئابدۇللا ئابدۇرېھىم تەبىئىي ئاۋازىنىڭ ئۇنچىۋالا سۈزۈك، ساپ ئەمەسلىكى بىلەن ناخشىلارنىمۇ كىشى رازى بولغىدەك ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئېيتالمايدىغانلىقىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ شۇ كەمگىچە ئۆز مىللىتىنىڭ كلاسسىك ناخشىلىرىنى ئىگىلەپ بولالمىغانلىقى ئىللەت ئەمەس، لېكىن، ھېلىغىچە بىرەر خەلق ناخشىسى بىلەن سەھنىگە چىقالمىغانلىقى ئۇنىڭدىكى ئورۇنداش ماھارىتىنىڭ بۇ ناخشىلارنى ئۆز ۋايىغا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئابدۇللا ئابدۇرېھىم كېيىنكى يىللاردا ئاللىقانداق ئىجادىي ناخشىلارنى ئىلغىماي ئورۇنداپ بىر تۈركۈم ياش ناخشا ھىرىسمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىلەن يېقىملىق ناخشا بىلەن ھەقىقىي ناخشىچىلارنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى تېخى ھەقىقىي ناخشىچىمىز دەپ تونۇپ كەتكىنى يوق. بۇنى ئابدۇللانىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلىشى مۇمكىن.

شامىل شاكىرنىڭ ھەقىقىي خەلق ناخشىچىسى بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدە. گەرچە، ئۇنىڭ ئاۋازى ساپ، ياڭراق بولسىمۇ، لېكىن ماھارەتلىك ئەمەس. ئۇ پەقەت خور، مارش تېمپىسىدىكى ئۇششاق دولقۇن، ئەگىتمىلىرى يوق، ئۇدۇل جەريانلىق ناخشىلارنىلا ئېيتالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پەقەت ياشلارغىلا خاس چەكلىك ئىقتىدارى «خەلق ناخشىچىسى» دېگەن نامنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدۇ.

زاھىر بورھانغا كەلسەك، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى ناخشىچىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئاجىزلىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ناخشىلىرىغا قايناتسا قېنى قوشۇلمايدىغان بىرنەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇنى سەھنە - ئېكرانىمىزغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كىشىلەرنى بىزار قىلغانلىقى. ئۇنىڭ ئۆزى «ناخشىچى» دېگەن نامغا تېخىمۇ مۇناسىپ ئەمەس. ئۇنىڭ «ئىجاد» قىلغانلىرى بىرياقتىن يېزىلسا، بىر ياقتىن ئۆچۈپ بارماقتا. بىز ئۇنىڭ پەقەت ئاشۇ ئاۋاز، ئاشۇ «ئىجادىيەت»لەر بىلەن سەھنە، ئېكرانلارغا چىقىپ يۈرگەن جۈرئىتىنىلا ئېتىراپ قىلىمىز.

مېنىڭ يۇقىرىقى ئۈچەيلەن ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىم شەخسىي كۆزىتىشىمنىڭ نەتىجىسى. مۇبادا ئۇلارنى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»، «يار سېنىڭ دەردىڭ»، «دوست خېنىم»، «ئادارگۇل»، «ھەيرا-نىمەن»، «شەمشۇا»، «ئەلانۇرخان»، «لەيلۇن».. .قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى بىلەن سىناپ باقىدىغانلا بولساق، قايسى نۇقتىسىنىڭ زەرىنىڭ خاتا، قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا ئايرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۈچ ناخشىچىنى ئۆزىدە بار ئىقتىدار بويىچە يۇقىرىقىدەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇدىغان بولساق، ھەقىقىي ئەر خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ سانى (ئابلىز شاكىر، ئوسمان ئەمەت، دىلشات رايىددىن، ھوشۇر قارىي، ئابدۇرېھىم ھېيت، ئەخمەتجان ئەختەم، تاشمۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق ناخشىچىلىرىمىز بار دېگەن تەقدىردىمۇ) تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ بىزدە ناخشىچىلارنىڭ خەلق ئىچىدە كەم بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بايقاش ۋە تەربىيىلەشنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىدىن تۇغۇلۇۋاتقان ھادىسە. مۇشۇ ھەقتە ئۆلغار بىر تەرتىپ، تۈزۈمنىڭ تۈرغۇزۇلمىغانلىقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ھادىسە؛ ھەقىقىي ناخشىچىلارنىڭ سەپىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، ھېيت-بايرام شەرىپىگە تەييارلىنىدىغان سەھنە، ئېكرانلارنى ئەگىپ يۈرۈدىغان قازان بېشىغا يېقىن، ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ بېقىنىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان «سەنئەتكار»لارنىڭ سەپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغانلىقىدە-دىن تۇغۇلۇۋاتقان ھادىسە. بالدۇرراق تەدبىر قوللانغان بولساق، يۇقىرىقىدەك ئېگىز-پەسلىكتىن تامامەن ساقلانغىلى بولاتتى. ھازىر ئۈن-سىن نەشرىياتى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىكى مۇزىكىلار (ناخشىلار)نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىلىرىغا ئوخشايدىغان، ئوخشىمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئاھاڭلاردىكى سىنىپىسىزلىك (سىياسىيغا مايىل ئەمەسلىك) ئۇلارنى شەرتسىز تەستىقلاپ، پۇلنى تېزراق يانچۇققا سالىدىغان قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن غەيرىي ناخشىلار يامراپ كەتكەندىن تاشقىرى بۇ ئاددىي ناخشىلارنى ئېيتىدىغان ئاتالمىش ناخشىچىلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلىۋاتقان ھەر خىل پروگراممىا ۋە ھېيت-بايراملىق ناخشىلارغا، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىغا بولغان كونتروللۇقمۇ چىڭ ئەمەس. شۇڭا، بۇيىل نەۋرۇزبايرىمىدا كۆرسىتىلگەن «مۇقام پەرۋازى» دېگەن ئىككى كىشىلىك ئېيتوتقا ئوخشاش يومۇرسىز، ھەم ئۇزۇن، ھەم سۇپەتسىز خام-خوتا نەرسىلەر ئېكرانغا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. تەشكىللىگۈچىلەر يېڭى نومۇر ھېرسىمەنلىكى بىلەن ئىش كۆرگەچكە، بىر كىچىكلىك سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ھوزۇرى بىر خەلق ناخشىسى ئېيتقانغا يەتمەيدۇ. بۇنداق قاتمال ئۇسۇلبىلەن ھەقىقىي ناخشىچىلارنى بايقىغىلى ۋە يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە سان-ساناقسىز ياش ناخشىچىلار بار. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا؟» دېگەندەك، بىزدە ئۇلارنى جىددىي ئېھتىياج بىلەن تىڭ-تىڭلايدىغان، ئاڭلىغان ھامان سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەت تېخى تولۇق شەكىللەنمىدى. شۇڭا، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئەخمىدىي، ئابدۇۋەلى جارۇللايېف، غىياسىددىن بارات، روزى توردى، داۋۇتجان ناسىر، ئابلىزخان مامۇت، ئابدۇرېھىم ئۆمىن، تۇرغان ئۆمەردەك ئاجايىپ ناخشىچىلار يېتىلگىچە، ئۇنداق ياكى مۇنداق ھېرسىمەنلەرنىڭ «ناخشىچىلار» رولىنى ئېلىپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بۇمۇ ئاقنانغا يېتىشكىچە زاغرا نان يەپ تۇرغاندەك بىر ئىش. زاغرا ناننىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان ئوبدان نانغۇ؟!

لېكىن، خەلقىمىزنىڭ ھېلىقىدەك غەيرىي، يات ناخشىلارنى چەتكە قاقىدىغانلىقى، بايىقىدەك خېمىرتۇرۇچى كەم ناخشىلارنى ئالقىشلىمايدىغانلىقى رەھىمسىز رېئاللىق. «سەنئەتتە رېئاللىققا سادىق بولمىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ بېلىنسكىي. شۇڭا، ئالدىراپ-تېنەپ يۇقىرى پەللىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، كۆپتۈرۈپ ماختاش بىزنى ھامان يالغانچىلىققا ئاپىرىدۇ. كەڭ ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان بەزىلەر ئۇلارنى ھەتتا توغما قېرىنداش ناخشىچىلار قىلىپ، ئائىلە بويىچە سەھنىگە چىقىرىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق شەكىلدە

سەھنىگە چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى كەمتەر بولۇش كېرەك.

مەن ئىشىنىمەنكى، ھەقىقىي ناخشىلارنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىك چارە-تەدبىرلىرى نۆۋەتتە جەزمەن يولغا قويۇلىدۇ. ئەگەر ناخشىچىلار كەم بولۇش، ھەقىقىي ئەر (مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان) ناخشىچىلار سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقالماسلىقتەك ئەھۋاللار پات ئارىدا تۈگەيدۇ.

**سوئال: ناخشىچىلىرىمىز ۋە سەنئەتچىلىرىمىز ئۈچۈن سورۇن يېتەرلىك دەپ ئويلامسىز؟**

جاۋاب: پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، بىزدە سورۇنلار ئىنتايىن يېتەرلىك. لېكىن كاللىمىزدىكى قاتماللىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئۇنىڭدىن دېگەندەك پايدىلىنالمايۋاتىمىز. ئالدىنقى يىلى چەت ئەلدىن كەلگەن بىر سەنئەتچى مەندىن: «سىلەر ئۈرۈمچىدىكى ‹خەلق تىياتىرخانىسى› دىن نېمىشكە پايدىلانمايسىلەر. نېمىشكە ئۇيەردە دائىم ئويۇن قويمايسىلەر، دائىملا قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن جاۋابتا كېكەچلەپ قالدىم. «تاماشىبىن يوق» دەي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقان بولىمەن؛ «سەنئەتچى يوق» دەي دېسەم، تېخىمۇ يالغانچى بولىمەن، يەنى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل، ئوپېرا، مۇقام ئۆمەك - ئانسامبىللىرىدىكى شۇنچە سەنئەتچىنى يوشۇرغان بولىمەن؛ «تېلېۋىزىيە ئېكرانىغىلا تايىنىدىغان بوپكەتتۇق» دەي دېسەم، تېلېۋىزوردىنمۇ ئىككى ھېيت، بىر نەۋرۇز بايرىمىدىلا پايدىلىنىمىز. ئامال يوق، ئېنىقىنە جاۋاب بېرەلمەي، ئالدىنقى يىلى ئۇ يەردە «داۋان ئاشقانلار» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن پېشقەدەملەرنىڭ ناھايىتى داغدۇغىلىق بىر قېتىم ئويۇن كۆرسەتكەنلىكىنى تىلغا ئالدىم-دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم. دېمىسىمۇ، كېيىن مەن ھېلىقى چەتئەللىكنىڭ سوئالىدا زاكوننىڭ بارلىقىنى ئويلاپ قالدىم. چۈنكى «خەلق تىياتىرخانىسى» سېلىنغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا (1960-يىللاردا) ئويۇنمۇ قويۇلۇپ تۇراتتى. تاماشىبىنلارمۇ ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى، بىلەتمۇ يېتىشمەي قالاتتى. ھازىر كىشىلەرنىڭ سەنئەت خۇمارى شۇنچە كۈچەيگەن، كۆڭۈل كۆزىتىشى ئەۋجىگە چىققان، مەنىۋى ھۇزۇرلىنىشقا بېرىلگەن مۇشۇنداق دەۋردە بۇ تىياتىرخانا رولىنىڭ جارى قىلىنماسلىقى غەلىتە ئىش ئىدى. ئاڭلىساق، ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى شۇنچە ئىقتىدارى تۇرۇقلۇق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالماي، ئۇلارنىڭ تالانتى ھېلىغىچە يېرىم بۇرۇقتۇرما ھالەتتە تۇرۇۋېتىپتۇ. زور كۆپچىلىك سەنئەتچىنىڭ مۇقىم ئىش ھەققىدىن باشقا تۆزۈككىنە كىرىمى يوق ئىكەن. پۈتكۈل ۋاقتى كونا تۈزۈم بويىچە كونترول قىلىنغانلىقتىن، پائالىيەت ئىمكانىيىتى تار دائىرىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. ئەگەر ئۇلار «خەلق تىياتىرخانىسى» دىن پايدىلىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا، ئۈرۈمچى شەھەر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلگەن ۋە سەنئەتلەشكەن بولاتتى. سەنئەتچىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولسا بولاتتىكى، زىيىنى بولمايتتى.

يېقىندا، مەلۇم ناھىيىدىكى سەنئەت ئۆمەك ئارتىسلىرىنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق بازار مەركىزىدىكى كېچىلىك مەيداندا ئويۇن قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇقسام، بۇ تامامەن ھەقسىز ئىكەن. جاي-جايلارغا بېرىپ ھەقسىز ئويۇن قويىدىغان، ياكى يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىش ئۈچۈنلا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان سەنئەت ئۆمەكلەر باشقا ناھىيىلەردىمۇ بار ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىدىن كېيىن قالغانلىق. ھازىر رادىئو-تېلېۋىزىيىلەر ئارتىسلىرىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، ئېتۇتلىرىدىن پايدىلىنىپ «تەلەپ-تەقدىم»، «تەلەپ ئېكرانى» غا ئوخشاش پروگراممىلارنى تەسىس قىلىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. بۇ بىر تىجارەت. لېكىن، ھېچكىم ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ قويمايۋاتىدۇ. دېمەك، بىزدە سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى، سورۇنلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلارغا ئىجادىيەت ۋە پائالىيەت ئازادلىكى تېخىمۇ كەڭ بېرىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ.

**سوئال: سىز ئەدەبىيات-سەنئەتتە قايسى ساھەنى ئەڭ جانلاندى دەپ قارايسىز؟**

جاۋاب: ئەدەبىيات-سەنئەت ناھايىتى كەڭ ساھە. ئۇلارنىڭ بىرىنى لاچىن، بىرىنى تورغاي دەپ ئايرىپ بەرمەك تەس. ئەمما، مېنىڭ شەخسىي تەسىراتىمچە، روماندىن قالسىلا ئېتۇت جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەڭ، قاراتمىلىقىنىڭ روشەن، ھەجۋىي-مەسخىرىلىرىنىڭ كۈچلۈك، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام بولۇشى ئۇنى ئىجادىيەتتىكى جەڭگىۋار تىپ قىلىپ كۆرسەتتى. شۇڭا، كىشىلەرمۇ ئېتۇتقا ئامراق بوپقالدى. بىراق، ئويىنىلىۋاتقان بەزى ئېتۇتلاردىكى سۈپەتسىزلىك بىر مەسىلە بوپقالدى. بۇ، ئاساسەن قەلەم ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئېتۇت ساھەسىگە قىستىلىپ كىرىۋېلىپ بەدىئىي تەركىبى ناچار نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئويناۋاتىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئېتۇتلاردا يۇمۇر كەم، ھەجۋىي يوق، مەسخىرە-تەنقىدلەر ئاجىز، بەزىلىرى كۆپ شاخلىتىۋېتىلگەنلىكتىن

تامامەن كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان سۆز ئويۇنى بوپقالغان. بىزدە «قوينى قاساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بار. ئۇزاق مەزگىللىك زۆرۈر مەشىقنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ، بۇ ساھەدە «قاساپ» بولغىلى بولمايدۇ.

ئەمما، ئابلىكىم كەلكۈن بايىقىدەك كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىدە ئەمەس. ئۇ بىزدىكى تالانتلىق، ئەڭ مول مەھسۇلاتلىق، ئەڭ ئۈمىدلىك ئېتوت يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يازغانلىرىدا كۈلكىمۇ بار، يىغىمۇ بار، ماختاشمۇ بار، سۆكۈشمۇ بار، تەنقىدمۇ بار، تەربىيىمۇ بار. ئالدىنقى يىلى ئۇ قۇربان ھېيتلىق ئېكران ئۈچۈن يازغان «ساتىراشخانىدا» دېگەن ئېتوت ئۇنىڭ تالانتىنى دەلىللەپ تۇرغان ئەڭ ياخشى ئەسەر. ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش، خاسلىق شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارى ئەڭ گەۋدىلىك نامايان قىلىنىدى. ئۇ ئېتوتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ھالاللىققا، پاكلىققا، ئىناقلىققا، قىسقىسى، ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۈندەپ كېلىۋاتىدۇ. خەلقىمىز ئابلىكىم كەلكۈننى ئالاھىدە يۇقىرى باھالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەنىمۇ يىرىك ئەسەرلەرنى كۈتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئېتوت تېخىمۇ جانلىنىدۇ.

**سوئال: سىزنىڭچە، ئىجادىيەتتە نېمىگە تايىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە تايىنىش كېرەك. لېكىن مېنىڭ بۇ سۆزۈم ھەرقانداق كىشى ئۆزى تىرىشىدىغانلا بولسا داڭلىق ئىجادكار بولۇپ چىقىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەڭ ئاۋۋال بەلگىلىك دەرىجىدىكى تۇغما تالانتنى شەرت قىلىدۇ. تالانت بولمىسا، ئىجادىيەتمۇ ئۇنۇمسىز (تېتىر) يەرگە دېھقانچىلىق قىلغاندەكلا ئىش بوپقالىدۇ.

تالانت ـ تەربىيىگە، تىرىشچانلىققا موھتاج. ھەۋەسكارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشچانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، ئۇنىڭدىن نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆپ كىتاب ئوقۇش، كۆپ مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن بىر قاتار يىللار ئاخىرقى ھېسابتا سىزگە گۈلدەستىلەر تۇتماي قالمايدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشقىلاردىن ئۆگىنىشتىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تىرىشچانلىق ئۆزۈمگە تەۋە ئەمگەك. ياشلىقىمدا ئىجتىمائىي مۇھىت يامان، دەپ قەلەمنى تاشلىۋەتمىدىم؛ سىستېمىلىق بىلىم ئالمىدىم، دەپ كەمتۈكلۈك ھېس قىلمىدىم. مەن كۆرگەن كىتاب، ماڭا ئۈلگە بولغان ئادەملەرنى كۆزدە تۇتسام، مەن يېزىقچىلىقنى پۈتۈنلەي خەقتىن ئۆگەندىم، دېگۈم كېلىدۇ. كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق، تۆككەن تەرىمنى نەزەردە تۇتسام، ئۆز كۈچۈمگە تاياندىم، دېگۈم كېلىدۇ. دېمەك، ئىككى قول بىلەن كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرۈلگەن بالىمەن.

**سوئال: سىزنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىڭىزدىكى ئالاھىدىلىكىڭىز سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىكى بىرەر ماھارەت ياكى تاكتىكىغا باغلىق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭدا نېمە سىر بار؟**

جاۋاب: شېئىر ئىجادىيىتى ئىنتايىن جاپالىق مەنىۋى ئەمگەك. شېئىر بىلەن كىشىلەر قەلبىگە تەسىر قىلماق ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ قەلبى ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي قەلب ئەمەس، ئۇ ھەم نازۇك، ھەم زور تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە قەلب.

نادىر شېئىرلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەممىلا ئادەم ناھايىتى ئورۇنلۇق تەبىرلەرنى بېرەلەيدۇ، ئون شائىرنى سېلىشتۇرسىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئىجادىدا بايىقى تەبىر (شەرت)لەرنىڭ ھەممىسىلا باردەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ تاللىۋالىدىغىنى بىر ياكى ئىككىلا. مانا مۇشۇ پەرق نېمىدىن كېلىپ چىققان؟ مۇشۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئالقىشلىغانلار كۆپەيگەنسىرى، دەسلەپتە ئۆزۈممۇ زادى بۇنىڭغا شېئىرلىرىمنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا قايسى ئامىللارنىڭ مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئويلىنىشقا باشلىدىم. كېيىن مېنىڭ شېئىرلىرىمدا ئەڭ ھالقىلىق ئامىلنىڭ (تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ، بايانلىرىنىڭ چۈشىنىشلىك، يەڭگىل بولۇۋاتقانلىقىدىن تاشقىرى) مۇھىمى، پىكىرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمدە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. بۇمۇ ھەرقايسى سورۇنلاردا شېئىر ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ھېس قىلىندى. ئېنىقراق ئېيتسام مەن ئۇلارنى:

بارچىدىن ئۇزاقتۇر ئەتەڭنىڭ يولى،
مىنەرگە ئۈمىدلەر ئۇلغىڭ بولسۇن.
قەدىرسىز قالغاننىڭ كۈنى قىيامەت،
سۇ بولساڭ ئاقارغا ئېرىقىڭ بولسۇن.
تىلىڭنىڭ تىزگىنى بېشىڭنىڭ بەختى،
قازىنىڭ يېنىدا تۇۋقىڭ بولسۇن.
باتۇرغا بارچىدىن سەگەكلىك قىممەت،
كۈندۈزمۇ ياقارغا چىرىغىڭ بولسۇن.
نومۇسقۇ ئىنسانغا قورقۇشتىن ئۆلۈش،
ھۇشۇڭدىن كەتسەڭمۇ تىنىقىڭ بولسۇن.
ئۆزۈڭچە ئۇرۇلمەس مۇنار بولساڭمۇ،
يېنىڭدا ھامان بىر يۆلىكىڭ بولسۇن.

دېگەن مەزمۇنلارغا ئۇرۇلغان چاۋاكلاردىن بىلىپ قالدىم.

شېئىرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىكەنلىكىدە. شۇڭا ھەر بىر ماۋزۇغا تۇتۇنغاندا ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان پىكىر ۋە جۈملىلەرنى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇزاق

مەزگىللىك مەشىق مېنى مۇشۇ جەھەتتە ئاز-تولا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرسە كېرەك.

سىلەر بىلىسىلەر، شائىرلارنىڭ ھەممىسىلا ھەسەل قۇسۇدىغان ھەرىلەر ئەمەس. مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بەرگەنلىكى شېئىرلىرىم ئىلان قىلىنىۋەرمەيدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ قولىدا شاللىۋېتىلىدىغانلىرى ھېلىغىچە بار. بۇنىڭدىن رەنجىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇھەررىرلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆزدە تۇتۇدىغانلىرى كۆپ بولىدۇ. ئەسىرىمىزنى جەمئىيەتنىڭ ھەزىم قىلىپ كېتىش-كېتەلمەسلىكىگە، قاراتمىلىقىنىڭ قانداقلىقىغا، مۇستەقىل ئەمگەك ياكى ئەمەسلىكىگە، بەدىئىي ئۆزگىچىلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا قاراپ تەھرىرلەيدۇ. ھازىر گەرچە ئايرىم مۇھەررىرلەردىكى كەسپىي ئىقتىدارسىزلىق، يۈزەلىك، ھەتتا ئەسەرلەرنى يوقىتىۋېتىدىغان بىپەرۋالىقلار دائىم ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇھەررىرلەردىكى ئومۇمىي خاھىش ئەمەس. ئۇلار ئەسەرلەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىيالايدىغان يۈكسەك چېچەنلىككە ئىگە. مېنىڭ شېئىرلىرىمدىمۇ پۇچەك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەممىدىن كۆرە ئۇلار ياخشى بىلىدۇ.

**سوئال: كەچۈرۈڭ، زېرىكمەي سورىغىمىز كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ مۇھەررىرلەر بىلەن بولغان ئالاقە-ئارىلىشىشىڭىز قانچىلىك؟**

جاۋاب: ياخشى سورىدىڭلار، مەن تەھرىر بۆلۈملەرگە زادىلا بارمايمەن، خۇسۇسىي ئارىلىشىشىم يوق. شەخسىي مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئەسەر ئېلان قىلدۇرۇش ئىستىقباللىق ئىش ئەمەس. ئۇنى ئەخلاقسىز، تالانتسىز ئادەملەرلا قىلىدۇ. «ياغاچ قازان بىر قېتىملا قاينايدۇ» غانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. سۇنۇق ياغاچ ھەم كۆۋرۈك بولالمايدۇ، ھەم تۈۋرۈك بولالمايدۇ. ئۇنداقلارنى مۇھەررىرلەرمۇ ياقتۇرمايدۇ. مەن ئەسەر ئەۋەتىپ كەينىدىنلا ئەلچى قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈشتۈرىدىغان ئىشلار بىلەن ئەسلا خۇشۇم يوق. ئېلان قىلىنمىغانلىرىنى «يارىماپتۇ» دەيمەن-دە، ئۈمىدنى ئۈزۈۋېتىمەن. مەن بۇنىڭغا ياش چاغلىرىمدىلا ئادەتلەنگەن. قەلەم تۇتقىنىمغا 50يىل بولاي دېدى. ھازىرغىچە بىرەر تەھرىر بۆلۈمىنىڭمۇ ئىشىكىنىڭ قاياققا قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مۇشۇ 40-50يىل ئىچىدە «ئىلى گېزىتى»گە ئىككى قېتىم، «شىنجاڭ گېزىتى»گە بىر قېتىم بېرىپتىمەن. (ئۇمۇ 1960-يىللاردىكى ئىش).

مەن ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئالدىراپ-تېنەپ تەھرىر بۆلۈملەرنىڭ بوسۇغىدا پەيدا بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەسىرىڭىز بارسۇن، ئۆزىڭىز بارماڭ، دەيمەن. گەرچە بۇ مۇھەررىر يولداشلارنىڭ ئاپتورلارغا ئىشىكنى دائىم ئوچۇق تۇتقان ئاممىۋى ئىستىلىغا زىت بولسىمۇ، لېكىن مەن ھامان

يىراقتىن مۇئامىلە قىلىپ، ئارىلىق ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيمەن.

**سوئال: شېئىر توپلاملىرىڭىز ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز. چۈنكى تارقىتىلىش تەكشى بولمىغاچقا بىز تولۇق كۆرەلمىدۇق؟**

جاۋاب: مېنىڭ ھازىرغىچە بەش شېئىرلار توپلىمىم، بىر ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. شېئىرلار توپلىمىمنىڭ ئالتىنچىسىنى تەييارلاپ قويغانىدىم. ئەمما رەھبەرلەردىن بەزىلەر مېنىڭ «تاللانغان شېئىرلار» توپلىمىمنى ئىشلەشنى تەكلىپ قىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ھەم ياشقا چوڭ بوپقالغىنىمنى ھەم ساقسىز بوپقېلىۋاتقىنىمنى نەزەردە تۇتۇپ، مەرھۇم شائىر روزى سايىتتەك ياخشى كۈننىڭ يامىنى بوپقالغاندا، ھېچ نەرسىگە ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى ئويلايتتى. بۇمۇ توغرا، ئەلۋەتتە. شۇڭا مەن بۇ يىلنىڭ 1-پەسلىدىلا تاللانغان شېئىرلىرىمنىڭ 1-قىسمىنى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردۇم. 1998-يىلغىچە يېزىلغان شېئىرلاردىن تاللانغان توپلام پات-ئارىدا نەشردىن چىقىشى مۇمكىن. كېيىنكى ئەسەرلەر ئۈچۈن ئىلىدا مەبلەغ سالىدىغان كىشى بار. بۇ ئىشتىن خاتىرجەممەن. ئەمما ئالدىنقى توپلاملىرىمنىڭ «خەق شېئىر ئوقۇمايدۇ، شېئىر كىتابلاردىن زىيان چىقتى» دېگەن گەپلەر بىلەن تىراژ بېرىلمەي، ئۆزىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىۋېتىلگەنلىكىدىن، بىر نەچچە كىتابىمنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭغا تارقالمىغانلىقىنى ئويلىساملا خاپا بولىمەن. بۇنىڭدىن جەنۇبتىكى ئوقۇرمەنلەرمۇ نارازى. 80ناھىيە، شەھەردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ 20 ـ 30دىن كىتاب سېتىپ چىقىرالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

كېلەر يىلى 65ياشقا كىرىمەن. ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىلا ئىش. «قوغۇن پىشسا سايىقىدا تۇرماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. مەن ئۆزۈمنى خۇددى سۇسىزلىق ۋە كۆيۈك ئاپتاپنىڭ ئازابىدىن بالدۇر پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشىتىمەن. ئۆمرۈم بولسا يەنە يازىمەن، تاللانغان شېئىرلارنىڭ 2-توپلىمىنىمۇ تەييارلايمەن.

**سوئال: سىز ئىسلاھاتنى قىزغىن قارشى ئالغان، يېڭى دەۋرگە مەدھىيىلەر ئوقۇغان، مىللەتنى يېڭىلىققا، زامانىۋى ئاڭ ۋە تۇرمۇشقا ئۈندەۋاتقان شائىر. سورىغۇمىز كېلىدۇ: سىزنىڭ ئىچىڭىز پۇشىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟**

جاۋاب: نېمىشكە بولمىسۇن؟ خەلق شائىرىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. ئەدەبىيات ئۇنى تېخىمۇ قويۇق ئىجتىمائىي ئادەم قىلىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ياخشىدىن خۇشاللىنىپ، ياماندىن ئىچى

پۇشماي تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ يىلقى پاختا يىغىمىنىڭ مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالدى. ئەتىمالىم، سىلەر شۇتاپتا مىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى دېھقانلارنىڭ تېرىغان كېۋەزلىرىدىن ئالغان پاختىسىنى دېگەن يەرگە، دېگەن باھادا ساتالماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىمنى بىلمەيسىلەر. ئۇلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، بەزى يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پاختىنى دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئورۇنلارغا ساتقۇزماي، ئۆزلىرى يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋالغان ئورۇنلارغا سېتىشقا مەجبۇرلايدىكەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كېچە-كۈندۈز يول-يول، دوقمۇش-دوقمۇشلارغا پايلاقچىلىققا قويۇدىكەن، توساقلار ياسايدىكەن، تۇتۇۋالغىنىنى مۇسادىرە قىلىدىكەن. قىزىق يېرى، يۇقىرىغا سېزىلىپ قىلىپ، كىشى تەكشۈرۈشكە كەلسە تېخىمۇ پايپېتەك بولۇپ، يۇقىرىقى قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئاۋارە بوپكېتىدىكەن. يەنى، ئۇلار قىلغۇلۇقنى مەركەزنىڭ دېھقانلارغا قارىتىلغان كەڭ، غەمخورانە سىياسەتلىرىدىن قورقۇپ تۇرۇپ قىلىدىكەن. مۇنداق ئىشلار ھەرىيلى داۋاملىشىۋەرسە، دېھقانلار قانداقمۇ باي بولسۇن؟ ئۇنىڭغا كىشىنىڭ قانداقسىگە ئىچى پۇشماي تۇرالىسۇن؟

دورۇس، مەن يېڭى زاماندىن مەمنۇن شائىر-مەن. لېكىن ئۇنىڭغا ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى شەكىللىۋازلىق، ياسالمىلىقلارنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى ئويلىسام تېخىمۇ تىت-تىت بولىمەن. مەن ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا ئون يىلدىن بېرى ئايروپىلان بىلەن نەچچە رەت قاتنىدىم. ئەپسۇسكى، ئايروپىلاندىكى مۇلازىم قىزلار خەنزۇچە بىلەن ئىنگلىزچىلا سۆزلەيدۇكى، ئۇيغۇرچە سۆزلىمەيدۇ. بۇنىڭغا ھەيران ئىدىم. دۆلىتىمىزدە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، بىرمۇ چەت ئەللىك ياكى ئىنگلىز بولمىغان بىر ئايروپىلاندا ئىنگلىز تىلىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇيغۇرچىنى قوشۇپ قويسا، ھەم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونوم سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن، ھەم ئايروپىلاندىكى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ئەمەسمۇ؟ ماڭا يۇقىرىقى ئەھۋال گويا بىر شەكىللىۋازلىقتەكلا تۇيۇلۇپ كەلمەكتە. ئېھتىمال، مەن بۇنىڭدىكى ئۆزگىچە بىر سەۋەبلەرنى بىلمەي گەپ قىلىۋاتىدىغاندىمەن. ئەمما ئايروپىلاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭدا بىرمۇ چەت ئەللىكنىڭ بولمىغانلىقى شۇنداق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

ھازىر شەھەر-يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلارنى قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلارنى خەنزۇ تىل سەۋىيىسى پىشىپ يەتكەن قىلىپ كۆرسىتىشمۇ كونا شەكىللىۋازلىقنىڭ يەنىلا بىمالال كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئوقۇشۇمچە، بۇلتۇر مەلۇم ناھىيىدە يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ خەنزۇ تىل-يېزىق سەۋىيىسىدىن ئىمتىھان قىلغان. نەتىجىدە، ئەسلىدە خەنزۇچە خەت تونۇيدىغانلار ئون پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئىمتىھان خۇلاسىسى 90 پىرسەنتكە يەتكەن قىلىنىپ چىقىرىلغان. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل مەيدانلار بويىچە كۆچۈرمىكەشلىك قىلىپ، باشقىلارغا يازدۇرۇپ بېرىلگەن بۇ ئىمتىھاندىن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ چىققان. بۇلتۇر بەزى كەسپىي ئورۇنلارمۇ ئۆز تەۋەسىدىكىلەردىن لاياقەت ئىمتىھانى ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مىللىي خادىملارنىڭ ئىمتىھانىنى خەنزۇ يېزىقىدا بېرىشىنى شەرت قىلغان. نەتىجىدە ئۇلارمۇ ئۆتكەلدىن بايىقىدەك ساختا ئۇسۇل بىلەن ئۆتكەن. بۇ بىرخىل شەكىللىۋازلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ئەمەسمۇ؟ ئەجەبلىنەرلىكى، بۇنى بەزى باشلىقلار بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىدۇ.

تىل ئۆگىنىش شەرەپلىك ئىش. ئۇ خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئاڭلىق ئادەملەر ئۇنىڭغا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىدۇ. ماركسىنىڭ 60 ياشقا كىرگەندىمۇ رۇس تىل - يېزىقىنى ئۇنىڭ ئېلىپبەسىدىن باشلاپ ئۆگەنگەنلىكى يادىمىزدا بولسا كېرەك. ئېنگلسمۇ بىرنەچچە مىللەتنىڭ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن. خەنزۇ تىلى - دۆلەت تىلى، ئۇنى ئۆگىنىشمۇ بىزنى يېپيېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھمىيىتى يەنىلا شۇنداق چوڭ بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەن بىر مۇنتىزىم ئۆگىنىش جەريانى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر خادىملىرى ئارىسىدا بىر مەزگىل مۇقىم خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۇيۇشتۇرۇش، ئاندىن مۇناسىپ ئىمتىھانلارغا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي، ئۇزاقتىن بېرى ساپ ئۆز تىلىدا دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتقان مىللىي ئوقۇتقۇچىلاردىن قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەلىپى بىلەن ئېمتىھان ئېلىش ۋە 80 - 90 پىرسەنت سەۋىيە تەلەپ قىلىش قارىغۇنى ياردا قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ تۆۋەندە بەزىلەر بۇنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىدۇ؛ يۇقىرىنى ئالداپ يالغان مەلۇمات يوللاپ شەكىللىۋازلىق قىلىش بىلەن ئىش پۈتتۈرۈۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر گويا توخۇ كاتىكى ياساشقا تاللانغان تۈلكىلەرنىڭ دەل ئۆزى. يېقىندا ئىلى ئوبلاستى ئۆز تەۋەسىدىكى ناھىيە، شەھەرلەردە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئالىدىغان ئاھالىلارنىڭ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىۋالغان 3809 نەپەر ئادەمنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئاز سانمۇ؟ بۇنى كىم قىلغان؟ بۇنىڭغا كىم سۈكۈت قىلغان؟ ھېلىقىدەك ئادەملەر قىلغان! بەزى كىشىلەر رەئىس

ھۆجىنتاۋنىڭ «راست گەپ قىلىش» ھەققىدىكى يولىيورۇقىنى ئۆگىنىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تەكرارلىنىۋەرسە، كىشىنىڭ ئىچى پۇشمامدۇ؟

شەكىللىۋازلىق دورامچىلىقتىمۇ ئىپادىلىنىمەكتە. ئۈچ يىل ئىلگىرى غۇلجا شەھەر «ياشلار مەيدانى» ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، پائالىيەت مەيدانى قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن ئۆگىنىش قارا-قويۇق تەشەببۇس قىلىنغاچقا، ھەتتا يېزىلارمۇ ئىدارىلىرىنىڭ ئالدىغا مەيدان ياساشقا چۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر خىل دورامچىلىق ئىدى. چۈنكى ئۇيەرلەردە شەھەرلەردىكىدەك ھەركۈنى كەچتە بازار، پائالىيەتلەر بولۇپ تۇرىدىغان قايناق ئىجتىمائىي مۇھىت يوق. قايناق بازار يۆتكىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياسالغان بايىقىدەك دورامچى مەيدانلارنى ئادەم بويى تىكەن، بۇككىدە كوكات بېسىپ كەتتى.

نەق پۇلغا دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرى يازدۇرۇپ، ئۇنۋان شوتىسىغا يامىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالىسىز. كىشىلەر چۈشكۈن مەنىۋى دۇنياسىنى ئەمدى ھېچكىمدىن يوشۇرمايدىغان، ۋۇجۇدىغا شەرمەندىلىكنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ھېيىقمايدىغان بولدى. شۇڭا دىپلوم ھېرىسمەنلىرى چىرايلىق ياسالغان ھەيكەل ياكى چىرايلىق سىزىلغان بىر پارچە سۈرەتتىن باشقا نەرسە بولالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى يېقىندا مەركەز ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، نوقۇل دىپلوم مەستانىلىقىنى چەكلەپ، ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئاساسلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ھېلىقىدەك غەيرىي شاماللارنى توسۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.

بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى دەپ قارىلىۋاتقان ئايرىم ئىشلار كىشىلەرنى تېخىمۇ بىزار قىلماقتا، تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرمەكتە. ئويلاپ كۆرۈڭلار، ھازىر ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنولاردا ئاشىقلار مەشۇقىنى ئورمانلاردا، مەنزىرىلىك باغلاردا ئاۋۋال قوغلاپ ئويناپ، ئاندىن تۇتۇۋېلىپ كۆتۈرۈۋالىدىغان، پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان دورامچىلىق يېغىپ كەتتى. بۇ ھال سەھنىدىكى ئۇسسۇللارغىمۇ تېگىلدى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدە نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولسۇن؟

قىزلىرىمىزنىڭ سەھنىلەرگە كىندىكىنى ئوچۇق قويۇپ چىقىدىغان ئىشلار بىز ئەپسۇسلانغانچە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ، ھايا ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، نومۇس بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مىللەتنىڭ نازۇك پسىخىكىسى ھار ئالىدىغان قىلىقلار ئىكەنلىكىنى سەھنە بېشىدىكىلەر ئويلاپ باقمىدى. ئۇلار بۇنى يېڭى ئۇسسۇل شەكىللىرى سۈپىتىدە بازارغا سېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەتنى ھاياسىزلىققا ئۈندىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇلارنى نېمىشقا چوڭقۇر ئويلانمايمىز؟ قىز-چوكانلىرىمىزنىڭ چوڭ يوتىسىنى ئېچىپ قويۇپ يۈرۈۋاتقىنىمۇ يەتمەمدۇ؟

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پوقرالارنىڭ ئۆزىنى قانۇن ئېڭى (بىلىملىرى) بىلەن قوراللاندۇرماسلىقى ئۇلارنى كىشىگە گويا ياۋايىلىققا يېڭىۋاشتىن يۈرۈش قىلغاندەك ھېس قىلدۇرماقتا. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولماقتا. بۇ فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكنىڭ: «بىزنى ھەرقانداق نەرسە ئۆز نوقسانلىرىمىزدەك كىشەنلىيەلمەيدۇ» دېگەن دانالارچە سۆزىنى دەلىللىدى. مۇنۇ قىزىق ئىشقا دىققەت قىلىڭ:

بىر كۈنى ئۆيۈمگە 40ياشتىن ئېشىپ قالغان بىر كىشى دەرد ئېيتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر-ئىككى پارچە ئەرز خەتمۇ بار ئىدى:

— مەن ئۆزۈم 20نەچچە يىللىق شوپۇر ئىدىم، — دەپ باشلىدى ئۇ دەردىنى، — تۆت يىل ئىلگىرى چوڭ بالامغا بىر ماشىنا ئېلىپ بەرسەم، ئادەم باستۇرۇپ قويۇپ تۈرمىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈم 30مىڭ كويلۇق تۆلەمگە يېقىلىپ ۋەيران بوپكەتتىم. سەھرادا كۈن ئالماق تەس كېلىپ، ئائىلەم ئىككىمىز شەھەرگە چۈشۈپ كەتتۇق. بىر تۇل خوتۇننىڭ قورۇسىدا ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئىش-ئوقەتنىڭ تايىنى بولماي، 600كويى ئىجارە ھەققىگە بوغۇلۇپ قالدۇق. ئايال خوجايىنىنىڭ تىل-ئاھانىتى دەستىدىن مەن كەچتە ئۆيگە كىرەلمەيدىغان بولدۇم. كېيىن ئىش ئىزدەپ بىر نەچچە ئاي باشقا ياقلارغا كېتىپ قالدىم. ئۇياقلاردا يۈرۈپ ئاڭلىسام ئايالىمنى دادىسى (ئۆزى ئۆگەي، ئەمما ھاجى كىشى ئىدى!) سەھراغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن بىرەيلەندىن «ئايالىڭنى قېيىنىڭنىڭ ئەرگە بېرىۋەتتى!» دەپ ئاڭلىدىم، كەلسەم راست ئىكەن. تېخى قېيىنانامنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان بىر قىز، بىر ئوغلۇممۇ بار ئىدى. نەچچە كۈن بولدى، ئايالىمنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكەن يېرىنى ئىزدەپ ئايىغىم چۈشۈپ قالاي دېدى، ئاخىرى دېرىكىنى ئالدىم. راستلا ئەرگە بېرىۋېتىپتۇ.

يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئاخىرى سوراپ ئېنىقلاشقا توغرا كەلدى:

— مۇنۇ ئەرز نامىنى نېمىشقا كەنت-يېزا رەھبەرلىكىگە، ياكى قانۇنىي ئورۇنلارغا يازماي، ئاۋۋال جامائەتكە يازدىڭىز؟

— مەن ماشىنام بىلەن جامائەتنى 20يىلغا يېقىن توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا توشۇغانمەن، مېنى جامائەت بىلەتتى.

— سىزنىڭ يا ئۆلۈم خەۋىرىڭىزنى، يا قويۇش-چىقىش بوپكەتكىنىڭىزنى سۈرۈشتۈرمەي، بىلمەي تۇرۇپ، ئىلكىڭىزدىكى خوتۇنىڭىزنىڭ توي چېيىنى ئىچكەن قانداق جامائەت ئۇ؟ ئاجرىشىش قەغىزىنى كۆرمەي نىكاھ قىلغان قانداق ئىمام-

مەزىن ئۇ ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسىز ؟ ئۇلارنىمۇ غەپلەت باسسا كېرەك .

— نېمىشقا ئاۋۋال ئاشۇ ئۆز مەھەللىڭىزگە چىقىپ باقماي ،يۇرتمۇ -يۇرت ئايالىڭىزنى ئىزدەپ يۈرۈسىز ؟ ھەر ئىشنىڭ يولى بار ئەمەسمۇ ، قانۇن بار ئەمەسمۇ ؟

— ئۇيەرگە بارغىنىم بىلەن ،مەن تىرىك تۇرۇپ ئايالىمنى ئەرگە بېرىۋەتكەن خەقلەر مېنىڭكىنى راست قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمنىڭ ئىنىسى سۇ كادىرى ، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ،قىلغىنى قىلغان .

— قىزىل قەغەز (نىكاھ خېتى )نى قانداق ئالغاندۇ ؟

— پۇل بىلەن جۆندىدىدە !

قاراڭ بۇ ئادەملەرنى !قانۇن يا ئايالىنىڭ ،يا قېيىنىسىنىڭ ،ياكى ھاجى قېيناتىسىنىڭ خىيالىدا يوق ،جامائەتنىڭچۇ تېخى ! بايىقى دەردمەننىڭ ئۆزىدىمۇ قانۇننى تەكىتلەيدىغان ئوي يوق .بىر تۇرۇپ ئۇلارنى قاتتىق تىللىغۇم كەلدى ،بىر تۇرۇپ ئۆزۈم تەئەللۇق بولغان بۇ مىللەتنى يېڭىۋاشتىن ئويلىنىپ قالدىم .

50نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نۇر-غۇن جەھەتلەردە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان زور بىر قاتلام زىيالىيلار بارلىققا كەلدى . ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك بايلىق . ئۇلار دۇنيانى ئىلىم بىلەن كۆزىتىدۇ ، ئۇيغۇرنىڭ گۈزەل كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئەقىل ئەجرى ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ . ئۇلار مىللەتكە نىجاتلىق بېرەلەيدىغان يولنى كۆرۈپ يەتكەن ، مىللەتنىڭ مەنىۋى مەھكۇملۇقنىڭ قايەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ، جاھالەتتىن قول ئۈزگەن كىشىلەردۇر .

ئۇلار مىللەتنىڭ تەقدىرىنى يۈكسەك زامانىۋى ئاڭغا باغلاپ ئويلىشىدۇ . ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئىنسانىيەت (شەيئىلەر ) تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىك يۈزلىنىشىدىن ، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى مەنبە قىلغان ماددىي پاراۋانلىقتىن ،خاتىرجەملىكنى ئادالەتلىك قانۇندىن ،كۆڭۈل ئازادىلىكىنى دېموكراتىيىدىن ئىزدەيدۇ .

ئەمما ، يەنە زور بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى ، 50يىلدىن ئىلگىرى قانداق ئاڭدا تۇغۇلغان بولسا ، ھېلىغىچە شۇنداق ئاڭدا (شۇنىڭغا مۇناسىپ تەپەككۇر ۋە ئىش ئۇسۇلىدا )ياشاپ كېلىۋاتىدۇ .ئۇلار نادانلىقنى قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ . «ئىنسانلار ھاياتىدا بىر زالىم پادىشاھ بار ، — دەيدۇ ۋىكتور ھيۇگو ، — ئۇ بولسىمۇ نادانلىق ،جاھالەتتۇر » .سىياسىي ساپا تۆۋەن ، ئاڭ-پىكىر قالاق ،دۇنيادىن بىخەۋەر ،گويا تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغاندەك كېلىۋاتقان بۇ تائىپە ئۆزىنىڭ دەۋرىنىڭ تولىمۇ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى ئاسانلىقچە تەن ئالمايدۇ . ئۇلار ئادەمنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىرلىكى بىلەن ئۆلچەپ كەلگەن .دۆلەتنى ئىككى ئوغلى بىلەن 30يىلغا يېقىن خالىغانچە باشقۇرۇپ كەلگەن ئىستىبدات ساددام ھۈسەيىنگە 1991-يىلدىن بۇيانقى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئەنە شۇلار ئىچ ئاغرىتىپ كەلمەكتە . ئۇلاردىكى بۇ خاھىشقا ھېچقانداق ئۆزگىچە سىياسىي ئاڭ قوماندانلىق قىلغان ئەمەس ، پەقەت دىنىي ئېتىقادتىكى ئوخشاشلىقلا قوماندانلىق قىلغان . بۇ بىزدىكى بىر بەختسىزلىك . مەلۇمكى ، ئېتىقادنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن تەبئىيلىكىدە شۈبھە يوق . بىراق ، ئېتىقاد نەزەرىيىلىشىپ ،دىنىي تەلىمات سۈپىتىدە سىستېمىلاشقاندا ،ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە دۇنياغا ئاز بولمىغان چاكىنىلىقلارنىمۇ تاڭغان .بىزنىڭ خەلقىمىز ھېلىغىچە ئەنە شۇ چاكىنىلىقنىڭ چاڭگاللىرىدا تېنەپ كەلمەكتە .ئۇلارغا بۇ ھەقتە چىش يېرىپ تۆت ئېغىز سۆز قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز تېخىمۇ ئېھتىياتچان بوپكەتتى .بۇ قاتماللىقتىن مېنىڭ تېخىمۇ ئىچىم پۇشىدۇ . ھېلىغىچە قانۇن بىلەن قىلچە كارى يوق خالىغىنىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بايىقى ئادەملەرنىڭ ئاڭسىزلىقى ئېھتىمال ،ئۇلارنىڭ جاھالەتپەرەسلىك ۋە خۇراپاتلىقلاردىن نېرى بولالمايۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك .

يۇقىرىقىلاردەك ئىشلاردىن ئىچىم پۇشقان بىلەن مەن جاھاندىن ئۈمىدسىز شائىر ئەمەسمەن . بۈگۈندىن ئەتە ياخشى ،ئەتىدىن ئۆگۈن ،دەپ ياشاۋاتىمەن . «مېنىڭ ئەتەم »دېگەن شېئىرىممۇ ئەنە شۇ روھتا يېزىلغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يۇقىرىدا مىسالغا ئالغانلار ئاساسىي ئېقىم ئەمەس .ئۇ ئىسلاھاتتىن بۇيانقى تاغدەك غەلىبىلەر ئالدىدا تېرىقتەك چوڭلۇقتىكى بىر ھادىسىلەردىنلا ئىبارەت .ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى يوق ، خەلق قەلبى ، دەۋر ئېقىمى خاھلىمايدۇ .شۇنداق بولسىمۇ ، مەن ئۇ قىيىنچىلىق — توسالغۇلارنى داغدام يوللىرىمىزدىكى داۋانلار ،دەپ قارىدىم . رېئالىست قەلەمكەش بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن ، ئەيتاۋۇر مەن ئۇلارغا جىددىي قارايمەن .

**سوئال : ھازىر ياش ھەۋەسكارلاردا ئەدەبىي تەخەللۇس كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىجادىيەتكە پايدىسى بارمۇ؟**

جاۋاب : ھەقىقەتەن تەخەللۇس ھېرىسمەنلىرى كۆپىيىپ كەتتى .لېكىن مەن بۇنى ئىلىدىكى ياش ئاپتور ۋە ھەۋەسكارلاردا ئۇچراتمىدىم .شۇڭا بۇ ھەقتە سۆھبەتلەرگە ئىمكان بولمىدى .نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۇنى (گەرچە تەخەللۇسلار بىر خىل غايە ،روھ ۋە ئىرادە قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ )

بىر خىل ھاياجانلىنىشنىڭ مەھسۇلاتىمىكىن، دەيمەن. كىشى ياش چاغلىرىدا ئاسان ھاياجانلىنىپ، بىر خىل ئايىغى چىقمايدىغان خىيالىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ كەينىدە بالدۇر قانات قېقىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنى سايىسى ئۆزىدىن ئىلگىرى كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلىدىغان قىزغىنلىققا قىياس قىلىشمۇ مۇمكىن.

مېنىڭچە، تەخەللۇس شۇ ھەۋەسكارغا رىغبەت، قىزغىنلىق ۋە تەسەللىي ئاتا قىلالايدىغانلا بولسا، ئۇنى ئىسمىغا قوشۇپ يازىۋەرگىنى ياخشى. لېكىن تەخەللۇسنىڭ دەسلەپتە شۇ ھەۋەسكارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى خۇشھال قىلىشتىن باشقا رولى بولمىسا كېرەك. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ھەۋەسكارنىڭ «تەخەللۇسۇم قاملىشىپتىمۇ؟» دەپ يازغان خېتىگە جاۋاپ يېزىپ، مەن ئۇنىڭ تەخەللۇسقا سەل ئالدىراپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدىم. ئۇ قوبۇل قىلمىدى بولغاي، شۇندىن كېيىن جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تەخەللۇسىمۇ ئاجايىپ - غارايىپراق ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، تەخەللۇس قويۇشنىڭ ئۆزى ئىجادىيەتكە ياردەم بېرىدىغان زۆرۈر ئامىل ئەمەس. ئەدەبىي تەخەللۇسمۇ ئاپتورنىڭ يېشى 30دىن ئاشقاندىن كېيىن يارىشىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاۋۋال تەخەللۇس قويۇۋېلىپ، ئاخىرىدا يازغۇچى، شائىر بولمىسا، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغان گەپ. قولىغا قەلەم ئېلىپلا تەخەللۇس ئىشلىتىش خۇددى 18گە كىرمەي تۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغاندەك، ياكى ئۇنى ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت تۇرمۇشىدا زادى ئىشنى تەخەللۇس قويۇشتىن باشلاش كېرەك، دېگەن قائىدىمۇ، ھەرقانداق قەلەمكەشنىڭ تەخەللۇسى بولۇشى كېرەك، دەيدىغان شەرتلىك ئۆلچەممۇ يوق. بۇنىڭ كىشى ۋۇجۇدىنى جانلاندۇرۇدىغان خاسىيىتى ھەققىدىمۇ شۇ كەمگىچە ھېچ نەرسە ئاڭلاپ باققان ئەمەسمەن. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ ئىجادىيەتكە تۈرتكە بولىدىغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق.

ئەدەبىي تەخەللۇسى بارلار بىلەن تېخى پاراڭلىشىپ باقمىدىم. ئەڭ ياخشىسى گەپنى شۇلارنىڭ ئۆزىدىن تىڭشاپ باققىنىمىز تۈزۈك.

**سوئال: ئۆتكەندە سىز شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پروگراممىسىدا زىيارەت قىلىنغاندا، ناخشا تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىلار (ئاھاڭلار) ئوتتۇرىسىدا بىر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك قىلىۋىدىڭىز، ھەرقايسىمىزنىڭ ئاڭلىغىنى ھەرخىل بوپقالدى. مۇشۇنى ئازغىنە يورۇتۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

جاۋاب: تېكىست بىلەن مۇزىكىنىڭ يۈكسەك بىرلىكى - ناخشىدىكى تۈنجى سەلتەنەت. شۇ قېتىم مەن بەزىدە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تازا ماسلىشىپ كەتكەن ئەر-خوتۇنلاردەك ۋە ھەم يېپىلىدىغان ئىشىك، تازا ياراشقان كىيىم-كېچەكتەك بولالمايۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىن (جۈملىدىن ناخشا تېكىستلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن) قائىدە جەھەتتىكى بىخەۋەرلىكىدە بولماقتا. مەن بۇنى كۆپ يولۇقتۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار ئىشلىگەن مۇزىكىلارغا تېكىست يا قىستىلىپ قالىدۇ، يا بوش كەپقالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناخشىدا قىيىنچىلىق، ناخشىدا رىتىمسىزلىق ۋە يېقىمسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئېچىنىشلىقى، بىزنىڭ خېلى بىر قىسىم ناخشىچىلىرىمىزدا بۇنى ھېس قىلغۇدەك ئىقتىدار تېخىمۇ يوق.

ناخشا تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلالماسلىق كاتتا كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇقام تېكىستلىرىدىمۇ سادىر بولدى. مەن بىر قېتىم ياش بىر ئايال ناخشىچىنىڭ ئەجەم مۇقامىغا پائىلاتون ۋەزنىدىكى تېكىستنى سېلىپ، تەستە ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئېلىمىزدىكى رەھمەتلىك مۇقامچى ئابلاخان ئاكىنىڭ 1960-يىللاردا بايات مۇقامىغا «شەنبەكەل-يەكشەنبە كەل» دېگەن (نەۋائىينىڭ بولسا كېرەك) راۋان چۈشمەيدىغان بىر تېكىستنى (غەزەلنى) سېلىپ ئېيتقانلىقىنى كەچۈرۈشكە بولغان بىلەن ئەھلىي سەنئەتچىلەر شۇنچە تەرەققىي قىلغان دەۋردە بۇنى ئۆۋەن-ئىللەت سانىماي مۇمكىن ئەمەس. تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز مىجەزى كېلىشىدىغان كىشىلىرى بولغىنىدەك، ھەربىر ناخشىنىڭمۇ ئۆزىگە ماسلىشىدىغان، راۋان، ئازادە چۈشىدىغان تېكىستلىرى بولىدۇ. «يار سېنىڭ دەردىڭ» (قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم) گە سېلىپ ئېيتىلىۋاتقان تېكىست «ئاتۇش ناخشىسى»غا ھەرگىزمۇ چۈشمەيدۇ. بىزنىڭ مۇقاملىرىمىزنىڭ ھەممىسىگىلا پەقەت غەزەللەرنىڭ مەپائىلۇن بەھرىلا ماسلىشىدۇ. بۇ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئىچكى ئورتاقلىقتىن كېلىپ چىققان. بۇنى بىلىش ئۈچۈن مۇقام نوتىلىرىنىڭ تاكت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭغا سېلىپ ئادەتلەنگەن تېكىستلەرنىڭ تۇراق، ۋەزىن ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي يول بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ باقساقلا، ئۇلاردىكى بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورتاقلىق (تەقەززالىق) مانامەن، دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر مۇقاملارنىڭ ئاھاڭ قوينى كەڭ، زېمىنى باياشاد بولغاندىكىن ھەرقانداق تېكىستنى تارتىپ، سوزۇپ سالساق چۈشۈۋېرىمەمدۇ، دەپ قارايدۇ - دە، قارامىلارچە ئىش قىلىپ، مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنىڭغا خاس تېكىستلەرنىڭ ئىچكى

قۇرۇلمىسىدىكى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىدۇ. قوپاللىراق ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل ساۋاتسىزلىق.

شۇڭا ناخشا (مۇزىكا) ئىشلىگۈچىلەرنىڭ شېئىرىيەت بىلەنمۇ قانۇنىيەتلىك تونۇشۇش ھاسىل قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاساسىي تۈگۈن مانا مۇشۇيەردە.

**سوئال: ھازىر ھەربىر كۈنلىرىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىسىز؟**

جاۋاب: ھازىرقى كۈنلىرىم خېلى مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. چۈنكى، قەلەمنى تېخى تاشلىۋەتمىگەندەك ئەمەسمەن. كۈنلىرىم جىددىيمۇ ئۆتۈۋاتىدۇ. چۈنكى مېنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقەم قويۇق بولغىنى بىلەن ئىجتىمائىي بىلىمىم يۇزە. ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى يىرىك كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيالمىغانمەن. سىياسىي ئىقتىساد ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم كونا، خەنزۇچىنىمۇ ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەنگەنمەن. بىراق مەن تەستە تەرجىمە قىلغان فرانسىيە يازغۇچىسى گ. دەككارنىڭ «622-مەھبۇس» ناملىق كىتابى قولۇمدىن ئېلىنىپ، باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھاردۇقۇم چىقمىدى.

ھازىر كۈنبويى قەغەز-قەلەمنىڭ شىلدىر-شۇلدۇرى ئىچىدە ياشايمەن. قېلىن كىتابلارنى تۈگىتىپ ئوقۇيالمىغىنىم بىلەن گېزىت-ژۇرنال كۆرىمەن، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى كۆپ ئوقۇيمەن، ئىجاد قىلىمەن، مېھمان قوبۇل قىلىمەن، پائالىيەتلەرگە قاتنىشىمەن. بەزىدە كۈنلەرنىڭ قانداق كەچ بولۇپ، تاڭلارنىڭ قانداق ئاتقىنىنى بىلمەي قالىمەن. قىسقىسى، ۋاقىت يېتىشمەيدۇ. ھازىر پەيغەمبەر يېشىدىن ھالقىپ كەتتىم. ئالدىمدىكى كۈنلىرىم ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە قىسقىراۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ ئۆزۈمنىڭ كۈنىمىرى ساقسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمدىنمۇ بولسا كېرەك.

يېقىندا مەكىت ناھىيىسىدىن بىر پېشقەدەم ئىشچى مېنى زىيارەت قىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ تاشيول ئاسراش پونكىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، ياش ۋاقتىدا خەۋەر-ئۇچۇرلار يازغان، قەلەمكەشلەرگە تولىمۇ ھېرىسمەن ئادەم ئىكەن. ئۆيۈمدە بىر كېچە قوندى. ئۇ كەچتە ياتاردا: «ئادەم دېگەن يەتمىش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا، بولدى، پات-ئارىدا ئۆلۈپ قالىمەن، دەپ يۈرۈش كېرەك، مەنمۇ بۇ يىل 76 ياشقا كىردىم، ئەتىمۇ، ئۆگۈنىمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ھەرقايسىلىرىنى زىيارەت قىلىپ كېلەي دەپ چىقىپ كېلىشىم» دېدى. مەن بۇ ئۇدۇل سۆزلۈك ئادەمنىڭ ھەققانىي گەپلىرىگە قايىل قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ موسىپىتتىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش ئالغاندەكمۇ بولدۇم. ماڭىلا ئەمەس، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ياشلارغىمۇ مۇھىم. چۈنكى ۋاقىتنى قەدىرلىمىگەن ئادەمدىن يازغۇچى، شائىر چىقمايدۇ.

(M1) 2004-يىل 20-ئاۋغۇست

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**



باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە تونۇلغان ژۇرنالىست، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى فەرىدە ئەمىن خانىم



ئۇ كىشىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «قىسسەسۇل غەرائىب»، «سىھاھۇل ئاجىزىن»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن ئەمۇنىلەر»، «ئىسكەندەرنامە»، «ئەركىنولى جالالىدىن بۇخارى»... نى چاغاتايچىدىن نەشرگە تەييارلىغان؛ «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن»، «گۇمنام غەزەللىرى»، «تارىخى ئەمنىيە»، «ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ھەققىدە قىسسە»، «تەجەللى»، «زەلىلى»، «قۇتادغۇ بىلىك ھېكمىي رىۋايەتلىرى»... قاتارلىق كىتابلارنى تەھرىرلىگەن.


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» 2004- يىل 6- سان
(ئىككى ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司进出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
国外发行代号：[illegible]
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市[illegible]号
[illegible]

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
دۆلەت ئىچىدىكى نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جوڭگو كىتاب
ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھ)
[illegible] ئېكسپورت بۆلۈمى
[illegible] تارقىتىش نومۇرى: [illegible]
[illegible] ۋە [illegible] چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
[illegible] تەڭرىتاغ يولى 72- قورۇ
[illegible] نومۇرى: 2836042 (0991) [illegible]
[illegible] باسما ماتېرىيال
[illegible]
[illegible] چاپلىنىدىغان [illegible]

[illegible]: 22-58 [illegible]



بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى